ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# بەخت ـ ئامەت ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# بەخت ـ ئامەت ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچىلەر: ئائىشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بېلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于幸运的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. 一乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978-7-80744-434-3

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 122083 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于幸运的格言 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-80744-434-3 |
| 定价 | 12.00 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۇنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە ـ پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالىتىدە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

ئادەم بالاغەتكە يەتكەن هامان، تۇرمۇشتا باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى يېغىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىشلار كۆپ هاللاردا بىزنى ئا-مالسىز قالدۇرىدۇ. تۇرمۇش بىزنى خۇددى قارىغۇنى تار يولدا قىس-تىغاندەك قىستايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

يۈك قانچىلىك ئېغىر بولۇشتىن قەتئىينەزەر، هەرقانداق ئا-دەم ئۇنىڭغا كەچ كىرگۈچىلا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؛ خىزمەت قانچىلىك قىيىن بولۇشتىن قەتئىينەزەر، هەرقانداق ئادەم بىر كۈن ئىشلىيەلەيدۇ. كىشىلەر سەۋر ـ تاقىتى ۋە قىزغىن كەيپىياتىنى هامان تا كۈن ئولتۇرغۇچە ساقلاپ قالالايدۇ، (تۇرمۇش) نىڭ ئەسلى مەنىسى ئەنە شۇنىڭدا.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

سادىر بولغان ئىشلارنى ئېتىراپ قىلغانلىق — هەر خىل كېلىشمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ تۈنجى قەدىمىنى باسقانلىق.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەڭ يامان شارائىتقىمۇ سوغۇق قانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلا-لىساق، ئۇنداقتا، هەرقانداق نەرسىدىن قايتا مەھرۇم قالمايمىز. بۇ تەبىئىيكى، بىزنىڭ هەممىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

تۇرمۇشىمىزنىڭ بەختلىك بولۇش ـ بولماسلىقى تامامەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

تۇرمۇش مۇھىتىمىزنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باغلىقمۇ ئەمەس، بەخت تۇيغۇسى كۆپ ھاللاردا ئەتراپتىكى مۇھىتقا بولغان سۇبيېكتىپ ئىنكاسىمىزنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئوڭشىغىلى بولمايدىغان ئەھۋالغا بولغان قارشىلىقىمىزنى توختاتقان ھامان، قايتىدىن يېڭى تۇرمۇش ئورنىتىش كۈچىگە ئىگە بولىمىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر بىزمۇ تۇرمۇشنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدا كۆرۈلگەن سىلكىنىش ۋە تەۋرىنىشلەرنى تۈگىتىشنى بىلمىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىزمۇ قەيسەر بولالايمىز. تۇرمۇشتىمۇ ھەممە ئىشىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر بىز تۇرمۇشتا كۆرۈلگەن «سىلكىنىش» ۋە «تەۋرىنىش» بىلەن زورمۇزور تىركىشىدىغان بولساق «سۆگەتكە ئوخشاش ئېگىلىپ تۇرماي»، «شەمشادقا ئوخشاش تىك تۇرۇش» تا چىڭ تۇرۇۋالىدىغان بولساق، ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي. ئۆزىمىزگە بىر قاتار ئىچكى زىددىيەت تېپىۋالىمىز؛ ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىمىز، ھەسرەت - نادامەت چېكىپ، چارە - ئامالسىز قالىمىز ۋە ئىلىشىپ قالىمىز. ئاخىرىدا ئەقىل - ھوشىمىزنى يوقىتىمىز. ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋەھىمە ئىچىدە مىليونلىغان ئەسكەرلەر يا تەقدىرگە تەن بېرىش، يا ئېغىر روھىي بېسىم تۈپەيلى ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت

ئىككى چىقىش يولىغا دۇچ كېلىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاق» دىن

باشقىلارنى چارىنى مەن ئويلاپ تاپتىم، دېگەن ھېسقا كەلتۈ-رۈش ئۇسۇلىنى سودا ۋە سىياسىي ساھەلەردىلا قوللانغىلى بولۇپ قالماستىن، ئائىلە تۇرمۇشىدىمۇ قوللانغىلى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

بىز باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى رەھىمسىزلەرچە نابۇت قى-لىمىز ھەم ئۆزىمىزنىڭكىنى توغرا دەپ قارايمىز. بىز بىرەر كى-چىك بالا ياكى خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلارنى خەقنىڭ ئالدىدا تەنقىد قىلىمىز، ئۇلاردىن قۇسۇر تاپىمىز، ئۇلارغا تەھدىت سالىمىز، ھەتتا خەقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكىمىزنى ئويلاپ كۆرمەيمىز. ھالبۇكى، بىر ـ ئىككى مىنۇت ئويلىنىپ ھا-لىغا يېتىدىغان بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلغاندا، باشقىلارنىڭ پوزىتسىيىسىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن چۈشەنگەندە، ئۇلارغا كې-لىدىغان كۆڭۈل ئاغرىقىنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ھەقىقىي كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سىرى تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن پەرق-لەندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىدا. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھەر كىمدە بىردىن ئۆلچەم ـ بىردىن مىزان بولسا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشىمىزغا ئالاقىدار تۇرلۇك شەيئىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك قىممەتنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەيدىغان بولساق، ئۇنداقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارلىق غەم ـ قايغۇمىزنىڭ يىرىمىنى دەرھال تۈگىتەلەيمىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق. بىخەستەلىك قىلىش، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇش ھەممە ئادەمدە بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

سىلەر ئاتقان ئوق، ئاققان سۇنى كەينىگە قايتۇرماقچى بولىدىكەنسىلەر، يۇزۇڭلارنى قورۇق بېسىپ، چىچىڭلارغا ئاق كىرىپ، ئاشقازان يارىسىغا گىرىپتار بولۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ھالاك قىلىۋېتىسىلەركى، مەقسىتىڭلارغا يېتەلمەيسىلەر.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىش كىشىنى خۇشال قىلىۋەرمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ساڭا كۈن بويى ئارام بەرمەي بىئارام قىلىۋاتقان نەرسە سەن تۇرۇۋاتقان مۇھىت ئەمەس، بەلكى سېنىڭ مۇھىتقا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلۇڭنىڭ توغرا بولماسلىقى.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر پايدا دېسە جان بېرىدىغان مۇتتەھەمدىن بىرى چىشىڭىزغا تېگىپ قويسا، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن؛ ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالسىڭىز ئۆزىڭىزنى نەس باسىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز تۇرۇۋاتقان مۇھىت ئوخشاش ئەمەس، شەرت ـ

شارائىتىمىزدا پەرق بار، ئالغان تەربىيىمىزمۇ ئوخشاش ئەمەس؛ ھەر قايسىمىزنىڭ ئادىتى، تەبىئىي خۇسۇسىيىتىمىز ئوخشاش ئەمەس. بىز ھەممە ئادەمدىن ئوخشاش بولۇشنى زورمۇ زور تەلەپ قىلساق بولمايدۇ. ئادەم بولغانىكەن، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل ئادەم بولۇش كېرەك.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كىشلىك تۇرمۇشنىڭ «مەن دېگەن مەن، مەن باشقا ئادەم ئەـ مەس» دەيدىغان پەلسەپىۋى قائىدىسىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

تۇرمۇشتا ئىككى نەرسىنىڭ كويىدا بولۇش كېرەك، بىرى، قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇش؛ يەنە بىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەرسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش كېرەك. ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭ ھەر ئىككىـ سىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

چىقىم پىلانلىق بولۇش كېرەك دېگەن ئوي تۇرمۇشنىڭ لەزـ زىتىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. پىلان تۈزۈش ئاساسەن ئىقتىسادىي جەـ ھەتتە بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. كۆپ ئەھۋالدا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇنداق بىخەتەرلىك تۇيغۇسىمۇ كۆڭۈلنى خاتىرجەم تۇتۇش ۋە تۇرمۇشتىن مەمنۇن بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

چىقىم قىلىش پىلانى بولغان ئادەم باشقىلاردىن بەختلىك ئۆتىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن پەلسەپۋى قائىدىلىرىنى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ سىرلىرىنى كۆپ يىللىق تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغاندىلا بىلگىلى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ماختاش ئىنسانىيەت قەلبىنى ئىللىتىشقا قارىتىلغان سۆز، ئۇ خۇددى قۇياش نۇرىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭسىز بىز ئۆسۈپ يېتىلىپ مېۋە بېرەلمەيمىز. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ كۆپچىلىكىمىز باشقىلارنىڭ سوغۇق گەپ - سۆزلىرىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز. لېكىن، ماختاشتىن ئىبارەت ئىللىق قۇياش نۇرىنى باشقىلارغا بەخش ئېتىشتىن باش تارتىمىز.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىنلىقى ۋە يوشۇرۇن تۇرمۇشىغا ئائىت نەرسىلەر ئەڭ قىزىقارلىق بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

پائال، قىزغىن بىر سائەت مۇجمەللىك ئىچىدىكى بىر قانچە يىلدىن ئەۋزەل.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

بىز يازدا مۇز تېپىلىشنى، قىشتا سۇ ئۇزۇشنى ئۆگىنىمىز.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوسۇش» تىن

بىز بىللە ئۆتۈۋاتقان ئوبيېكتلار مۇتلەق ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە مەخلۇقلار ئەمەس، بەلكى كەيپىياتى ئۆزگىرىشچان، ئاداۋەتخور، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ۋە شۆھرەتپەرەس نەرسىلەردۇر.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ:

1. ساغلاملىق ۋە جاننى ئاسراش
2. ئوزۇقلۇق
3. ئۇيقۇ
4. پۇل ۋە پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغان نەرسىلەر
5. كەلگۈسى تۇرمۇشنىڭ كاپالىتى
6. جىنسىي قانائەت
7. پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى
8. مۇھىم ئەربابلاردىن بولۇش تۇيغۇسى

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن



مۇھىم ئەربابلاردىن بولۇش ئىستىكى — ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ بەلگىدۇر.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ھەممە كىشى باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ناۋادا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدا مۇشۇنداق «مۇھىم ئەرباپلاردىن بولۇش ئىستىكى» بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىكى بارلىق مەدەنىيەتلەر بولمىغان بولاتتى، بىزمۇ ھايۋانلاردىن پەرقلەنمىگەن بولاتتۇق.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

سىز ھەر كۈنلۈك تۇرمۇش سەپىرىڭىزدە، كىشىلەر ئارىسىدا بىرئاز ماختاش ساداسى قالدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، بۇ كىچىككىنە ئۇچقۇن چوقۇم دوستلۇق يالقۇنىغا ئايلىنىدۇ. سىز كېلەر قېتىم يەنە بىر نۆۋەت زىيارەتكە كەلگەن چېغىڭىزدا، ئۇنىڭ نەقەدەر روشەن ئىزنا قالدۇرغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقايسىز.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئۆزىنى سالاچى دەپ تونۇيدىغان كىشىلەرگە ئەڭ باب كېلىدىغان بىر جۈملە تەكلىپىمىز بار: ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ تەشنالىقىنى قوزغاش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغانلىكى كىشى ئىشنى ئوڭدىن كەلتۈرەلەيدۇ، مەڭگۈ يېتىم قالمايدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كىشىلەر دائىم خۇشامەتچىلىك قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقچى بولىدۇ.

شۇبھىسىزكى، بۇنداق قىلىش — بىھۇدە ئاۋارىچىلىك.

كىشىلەر ھەرگىز ئۆزگىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۇلار ھەر قاچان پەقەت ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ھەربىر كەت سۆزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كۈلۈمسىرەش — «مەن سىزنى ياقتۇرىمەن. سىز مېنى شادلاندۇردىڭىز، سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە ناھايىتى خۇشالمەن» دېگەنلەردىن دېرەك بېرىدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

بىزنىڭ ئىتنى ياخشى كۆرۈشىمىزدىكى سەۋەب شۇ يەردىكى، ئۇ ئىگىسىنى كۆرگەندە، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغاندەك قىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئىختىيارسىز ئۇنى كۆرۈشنى خالايسىز.
كىشىلەر ساختا كۈلكىدىن قانائەت ھاسىل قىلامدۇ؟ ياق. ئۇنداق كۈلكە ھېچكىمنى ئالدىيالمايدۇ. بىز سۈنئىي كۈلكىنى ياقتۇرمايمىز. ئۇنىڭغا قارشى تۇرىمىز. بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز ھەقىقىي، قىزغىن، يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈلۈمسىرەش بولۇپ، بۇنداق كۈلۈمسىرەش ھەممىگە ياقىدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ پۈتكۈزمىگەن بولسىمۇ، ئوماققىنا كۈلىدىغان قىزنى ياللاپ ئىشلىتىشكە رازىمەنكى، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان دوكتور، پەيلاسوپنى ئىشلىتىشنى خالىمايمەن.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

كۇتۇپخانا، مۇزېيلاردا ساقلىنىدىغان مول كىتابلار كۆپىنچە ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايدىغان كىشىلەردىن ئېلىنغان.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇر كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

باشقىلارنىڭ سۆزىنى تىپتىنچ تۇرۇپ ئاڭلاش ھەر قانداق ئادەمگە قارىتا بىر خىل ئەڭ ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىك بولىدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا، كۆڭۈل قويۇپ دىققەت قىلىش ئۆز ئىچىگە ئالغان خۇشامەتچىلىكنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلاشقا بولغان ئىنتىزارلىقىم سىزنىڭ مۇشۇ ئەھۋالنى دېيىشكە بولغان ئىنتىزارلىقىڭىزدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئۆزىنىلا ئويلايدىغان كىشىلەر ئۆزى توغرىلىقلا سۆزلەيدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئۆزىنىلا ئويلايدىغان كىشىلەر ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان، تەربىيە كار قىلمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەرقانچە تەربىيىلەنگەن بولسىمۇ ئۇلارنى تەربىيە ئالغان كىشىلەر دېگىلى بولمايدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن



باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولاي دېسىڭىز، باشقىلار قىزىقىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەڭ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئەگەر بىز راستتىنلا شۇنداق شەخسىيەتچى بولۇپ،

باشقىلاردىن پايدا تەگمىسە ئۇلارنى ماختىمايدىغان ياكى سەممىي تەشەككۇر ئېيتمايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىز ھەقىقەتەن مەنىسىز بولغان بولىدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

جاھاندا كىشىگە ھەرقانداق ئىشنى قىلدۇرغىلى بولىدىغان بىرلا ئۇسۇل بار. ئۇ بولسىمۇ، ئادەمنىڭ شۇ ئىشنى قىلىشقا مەيلىنى قوزغاشتىن ئىبارەت.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ جىددىي ئېھتىياج — مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولغان تەشنالىقتۇر.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دېگەن كىشى ھەرگىز ۋاقىتنى شەخسىي ئاداۋەتكە ئىسراپ قىلماسلىقى، جۈملىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي مىجەزىنى بۇزۇۋالماسلىقى كېرەك. ئۆزىنى ئارتۇقچە كۆرسەتمەسلىكى، سالاۋات قىلىشى، گەرچە ئۆزىدىكى مەسىلە ئىنتايىن كىچىك مەسىلە ئىكەنلىكى ئۈچۈن بولسىمۇ، سالاۋات قىلىشى لازىم. ئىت بىلەن يول تالىشىپ ئۆزۈڭنى ئىتقا چىشلىتىۋالغاندىن كۆرە، ئىتقا يول بەرگىنىڭ تۈزۈك. بولمىسا، ئىتنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىلەنمۇ، ئىت چىشلىگەن يارا ساقايمايدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باشلىنىش بولغانىكەن، داۋاملاشتۇرۇش تەس ئەمەس.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى ئىگىلىك يارىتىشقا كىرىشكەن جاپالىق كۈنلىرىنى ئەسلىگەندە خۇشتار بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئەمەلىيەتنى سۆزلەش ئىقتىدارىنى يۈزىنى ئاياپ زۇۋان سۈرمەسلىك ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىغا ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ، شۇڭلاشقا ئۆزى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۆز نامىنىڭ ئۆچۈپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

نامراتلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان، ئەڭ سىرلىق، ئەڭ گۈزەل، كىشىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى، ھېسداشلىقىنى ۋە مېھىر ـ شەپقىتىنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل ئېلېمېنت بار.

دالى كارنېگ: «ئۇلۇغ ئەربابلار» دىن

قەرزدار بولۇش نومۇسسىزلىق ئەمەس، قەرزنى قايتۇرۇۋالماسلىق نومۇس ھېسابلىنىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئۇلۇغ ئەربابلار» دىن

ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۆزىمىزنىڭ قەرزىنى ئۆزىمىز

قايتۇرۇشىمىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «ئۇلۇغ ئەربابلار» دىن

جەزمەن ئەتىنى ئويلاش كېرەك. دۇرۇس، كۆڭۈل قويۇپ ئويـ- لىنىش، پىلانلاش ۋە تەييارلىق قىلىش كېرەك، ئەمما ئەندىشىدە بولماسلىق لازىم.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

غەلۋىرنىڭ ئۈستىدە سانسىز قۇم بار دېيىلسە، ئۇ قۇملار غەلۋىرنىڭ تۆشۈكىدىن رېتى بويىچە ئاستا ـ ئاستا ئۆتىدۇ. غەلۋىر يىرتىق بولمىغىنىدا، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىـ- دىن بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن قۇمنى ئۆتكۈزۈۋېتەلمەيمىز. سەن، مەن ۋە باشقا ئادەملەرمۇ ئاشۇ غەلۋىرگە ئوخشايمىز. ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىز يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان ئىشلارنى شۇ كۈن ئىچىدە تۈگىتىش لازىملىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەگەر بىز بۇ ئىشلارنى غەلۋىردىن قۇم ئۆتكەنگە ئوخشاش ئۆز رېتى بويىچە ئاستا ـ ئاستا، بىر ـ بىرلەپ قىلمايدىغان بولساق، جەزمەن سالامەتلىكىمىزگە ۋە روھىي ھالىتىمىزگە زىيان يەتكۈزۈۋالىمىز.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

مەن ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك بىر ئىشنى بىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ بىز ھەممىمىز بۈگۈننى قەدىرـ- لەپ كېتەلمەيمىز، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىكى سەلتەنەتلىك ئەتىرگۈل باغچىسىنىلا خام ـ خىيال قىلىمىزكى، شۇ تاپتا دېرىزىمىزنىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ تۇرغان ئەتىرگۈلدىن لەززەتلىنەلمەيمىز.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىزنى ھەممىدىن بەك كۆڭۈل ئازادلىكى ۋە خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلار:
مۇكەممەل ئېتىقاد، ئۇيقۇ، مۇزىكا ۋە شاد ـ خۇراملىق. ئىلاھقا قارىتا ئىشەنچ بولۇشى كېرەك — خاتىرجەم ئۇخلاشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.
ئوبدان مۇزىكىلارنى سۆيۈنۈپ ئاڭلاش كېرەك — تۇرمۇشتىكى قىزىقچىلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا — ساغلاملىق ۋە شاد ـ خۇراملىق سىزگە تەئەللۇق.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

يۇرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان دوختۇرلار دېھقانلاردىن 20 ھەسسە كۆپ، چۈنكى دوختۇرلارنىڭ تۇرمۇشى جىددىي ئۆتىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا يۇرەك كېسىلى كۆپ كۆرۈلىدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

نىكاھلىق تۇرمۇشتىكى ئىنتايىن ئۇششاق ئىشلار كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدىغان ئەڭ توپ سەۋەبكە ئايلىنىپ قالىدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن



ئەگەر بىز تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمىنى بەدەل تۆلەشكە سەرپ قىلساق، تۆلىگەن بەدىلىمىز بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، گالۋاڭ ھېسابلىنىپ قالىمىز.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئىنساننىڭ بىر قىسىم ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى شەيئىلەرنىڭ

قىممىتىگە بولغان خاتا مۆلچەردىن، يەنى ئۇشتەككە ئارتۇق پۇل تۆلىگەنلىكتىن كېلىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

كۆڭۈلنى ئارام تاپقۇزۇشنىڭ ئەڭ چوڭ سىرلىرىدىن بىرى توغرا قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇش.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

قىيىنچىلىققا جىددىي مۇئامىلە قىلىشىڭلار لازىم، بىراق، قىيىنچىلىقنى دەپ پەرىشان بولساڭلار بولمايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مەن نيۇ يوركنىڭ قاتنىشى بىسىق كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن. بۇ قىيىنچىلىققا جىددىي مۇئامىلە قىلغانلىق، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن توخۇ يۈرەكلىك قىلمايمەن. قىيىنچىلىقنى دەپ پەرىشان بولماسلىق، جىددىي مۇئامىلە قىلىش دېگىنىمىز، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن تۈزۈپ چىقىش دېگەنلىكتۇر.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



قىيىنچىلىققا جىددىي قاراشنى بىلىدىغان، ئەمما قىيىنچىلىقنى دەپ قايغۇرۇپ يۈرمەيدىغان ئادەم رەھىمسىز رېئاللىققا دۇچ كەلگەندە، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئوۋېن

بەخت مەيلى ئۇنىڭ سۆز مەنىسىدىن ئالايلى ياكى ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئالايلى، ھامان مۇقەددەسلىكنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسىدۇر.

دىتزگېن

ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىلا مۇتلەق، شەرتسىز مەقسەتتۇر؛ بۇ مەقسەت بارلىق بەلگىلىمىلەرنى، ھەرىكەتلەرنى ۋە ۋاستىلەرنى مۇقەددەس تۇسكە كىرگۈزەلەيدۇ، ئۇلار مۇشۇ مەقسەتكە بېقىنىدىغانلا بولسا؛ ناۋادا ئۇلار بۇ مەقسەت ئۇچۇن خىزمەت قىلمايدىكەن، مەقسەت ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

دىتزگېن

ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۇچۇن مېھنەت سىڭدۈرۈش نېمىدېگەن سەلتەنەتلىك ئىش، نېمىدېگەن ئۇلۇغ مەقسەت ـ ھە!

سېن سىمون

ئەخلاقنىڭ ئاساسى ئۆز بەختىنى قوغلىشىش ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ بەختىنى يەنى قەبىلە، مىللەت، سىنىپ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى كۆزلەشتۇر. 16

پلېخانوف

ئۆزگە بەخت ياراتماقچى بولغان كىشى ئىشچىلارغا ۋە دېھقانلارغا بەخت ياراتقۇچىلاردىن بولۇشى لازىم. بارلىق كىشىلەرگە

بەخت ياراتقۇچى بولغان كىشىلا ئۆزىگە بەخت يارىتالايدۇ.

كالىنىن

مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، جەڭچى بولۇش ئەڭ زور بەختتۇر... ھەرقانداق خۇسۇسىي ئىش ئىجتىمائىي ئىشلاردەك ئۇزاق پۇت تېرەپ تۇرالمايدۇ.

ئوستروۋسكىي

بەخت يېڭى ھايات يارىتىش دېمەكتۇر، دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغانلارنى، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ئەقىل - پاراسەت ئىگىلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە قايتا تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش دېمەكتۇر.

ئوستروۋسكىي

ئالىملارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى بىزنى داۋاملىق كۆرەش قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى تەلتۆكۈس ئېچىپ بېرىشكە ئۈندەيدۇ. چۈنكى، بۇ سىرنى بىلىۋالغاندىلا، ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت يارىتقىلى بولىدۇ.

جولىئوت كيۇرى

ئادەم ئۆز قىزغىنلىقىنى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بىرلا مەقسەتكە قاراتسا، ئۇ تېخىمۇ ئاق كۆڭۈل ۋە ئىززەتلىك ئىنسان بولۇشى مۇمكىن، خىزمەت كۆرسىتىپ شۆھرەت قازانغاندا كىشىنى ئاچ كۆز قىلىۋېتىدىغان ناپاك مۇددىئالاردىن ۋاز كېچىپ، يېڭى بىلىم ئېلىشنىلا ئۇلۇغ ۋە شان - شەرەپ دەپ بىلىدىغانلار ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

سېن سىمون

كىشىگە بەخت ئاتا قىلىدىغان نەرسە جىسمانىي جەھەتتىكى بىرەر ئارتۇقچىلىق ياكى مال ـ دۇنيا ئەمەس، بەلكى تۈز كۆڭۈللۈك ۋە ئېھتىياتچانلىقتۇر.

دېموكرىت

مەن بۇ دۇنيادىن خاتىرجەملىك، ئاق كۆڭۈللۈك، شەخسىيەتسىزلىك، ئادالەت ۋە ھەقىقەتكە ئوخشاش كىشىنى شادلاندۇرىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان، سۆيۈندۈرىدىغان ۋە كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەرسىنى تاپالمىدىم؛ مېنىڭچە، كىشىلەر ئەنە شۇنداق قىممەتلىك ئەخلاق ـ پەزىلەتنى قەدىرلەپ ئۆزىگە ئەسرار قىلىدىغان بولسا، بۇ ئەخلاق ـ پەزىلەت كىشىلەر ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت ۋە پاراغەتنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

مېسلىر

جامائەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىگەن كىشى ئەڭ بەختلىكتۇر.

ۋۇ يۈندو

كۆنلەرنىڭ بىرىدە جامائەت مەنپەئىتى ئۈچۈن ئازراق تۆھپە قوشالىسام، ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

گوگول

بولسا ئىدى قاتار ـ قاتار ساراي ـ بىنالار،
شادلانسىدى ئۇندا بارچە توڭغان ئىنسانلار.

دۇفۇ

جاپادا ئەلنىڭ ئالدىدا تۇر، راھەتتە ئەلنىڭ كەينىدە (تۇر).

فەن جۇڭيەن

ئىنقىلابچىلارلا ھايات ۋاقتىدىمۇ، ئۆلگەندىمۇ كۆپچىلىككە بەخت ئاتا قىلالايدۇ.

لۇشۈن

ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە كىشىلا ھەرقانچە جاپالىق ۋە قىيىن شارائىتتىمۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

شۈي تېلى

مېنىڭچە، بۇ دۇنيادا تىرىشىپ جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، ئۆز قولى بىلەن بايلىق يارىتىپ، بارلىقىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق ئىشى —كوممۇنىزمغا بېغىشلىغان كىشىلا ئەڭ بەختلىك كىشىدۇر.

لېي فېڭ

شەخسنىڭ دەرد ـ ئەلىمى ۋە شادلىقىنى چوقۇم دەۋرنىڭ دەرد ـ ئەلىمى ۋە شادلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم.

ئەي چىڭ

ئازاب ھەقىقەت بىلەن تونۇشۇش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش يولىدىكى ئازاب بولىدىغان بولسا، بۇنداق ئازابقا ئاڭلىق ھالدا خۇشاللىق بىلەن بەرداشلىق بېرىش كېرەك. بۇنداق ۋاقىتتا، پەقەت مۇشۇنداق ۋاقىتتىلا، ئازاب كىشىگە بەختتەك تۇيۇلىدۇ.

جاڭ جىشىن

كالا چۆپ يەيدۇ، ئات بوغۇز يەيدۇ، كالا ھەممىدىن كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ، ھەممىدىن ئاز ھالاۋەت كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋاش كالا

www.uyghurkitap.com

بولغان ياخشى، مەن پارتىيە، خەلق ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ياۋاش كالا بولۇشقا رازىمەن.

ۋاڭ جىنشى

بىر سىقىم توپا بولۇپ، ھەقىقەتكە بارىدىغان يولغا ياتقۇزۇلسام، سەپداشلىرىم، مۇشۇ يولدا چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىسە، ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

ۋۇ يۈندو

مەن ھەر كۈنى كۈرەش قىلىۋاتىمەن، كۈرەش چەكسىز لەززەتلىك. ھېچ ئىش قىلماي، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىش كىشى ئۈچۈن ھەممىدىن ئازاب.

گاۋ شىچى

جەڭچى جەڭگاھتا جان ئۈزۈشى، يازغۇچى كىتاب ئۈستىلىدە جان ئۈزۈشى، ئارتىس سەھنىدە جان ئۈزۈشى لازىم. ئۇلۇغ كومېدىيە يازغۇچىسى ۋە ئارتىس مولىئېر سەھنىدە جان ئۈزگەن. دېمەكچىمەنكى، ھەقىقىي ئادەم خەلق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، ئارتۇقچىلىقى ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشى كېرەك. بولمىسا، ئۇ چەكلىك ھاياتىمنى ئىسراپ قىلىۋېتىپتىمەن دەپ ھامان بىر كۈنى ئەپسۇسلىنىدۇ.

ساۋ يۈي

بايلىق ياراتمىغان ئادەمنىڭ بايلىقتىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەققى بولمىغىنىدەك، بىزمۇ بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلماي تۇرۇپ، بەختتىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق ئەمەسمىز.

بېرنارد شاۋ

پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختىلا سېنىڭ بەختىڭدۇر.

دىنز گېن

مېنىڭ سەنئىتىم يوقسۇللار ئۈچۈنلا بەخت يارىتىشى لازىم. پاھ، نېمىدېگەن بەختلىك مىنۇتلار - ھە! مەنمۇ شۇ دەرىجىگە يې-قىنلىشالىغان بولسام، قانچە بەختلىك بولار ئىدىم - ھە!

بېتخوۋېن

بەخت كۆپ تەرەپلىك بولىدۇ، مەنمۇ ناھايىتى بەختىيارمەن. ئىجادىيەت ماڭا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئاجايىپ خۇشاللىق بېغىشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە كۆركەم بىنا سېلىش — سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن خىش - كېسەك تىزىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، شۇڭا بېشىمغا كەلگەن كۈلپەتلەر كۆزۈمگە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ.

ئوستروۋسكىي

جىسمانىي ھۇزۇر بەخت بولىدىغان بولسا، شۇنداق دېيىش كېرەككى، كالا يېگىلى چۆپ تاپقان ۋاقىتىدا بەختلىك ھېسابلىنىدۇ.

ھېراكلىت

بەزىلەر ئاچ كۆزلۈكىدىن تېخىمۇ كۆپرەك نەرسىلەرگە ئې-رىشمەكچى بولىدۇ - يۇ، ئۆز ئىلكىدىكى نەرسىلەردىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ.

ئىزوپ

پۇل قوغلىشىش (ھازىر بۇ ئىللەت بىزدە ناھايىتى ئېغىر)،

راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش بىزنى ئۆزىگە قۇل قىلىۋالىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا بىزنى قايىنامغا تاشلايدۇ. مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن جاھىل ئىللەتتۇر، ئۇ ئادەمنى پەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش بولسا ئادەمنى تېخىمۇ نومۇسسىز قىلىۋېتىدىغان شىپاسىز ئىللەتتۇر.

راڭگېناس

كىشىلەر ھەدەپ قوغلىشىۋاتقان چاكىنا نىشانلارنى— مال ـ دۇنيا، شان ـ شۆھرەت ۋە كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇشنى ھامان يىرگىنىشلىك ھېس قىلىمەن.

ئېينشتېين

دەۋر ئېقىمىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەم ھامان ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىگە تايىنىپ دەۋر ۋە جەمئىيەتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، توغرا يولغا ماڭىدۇ. ھازىر، ھەممەيلەن مۇزلىتىش ساندۇقى، پىكاپ ۋە ئۆزى ئۇچۇن پايپېتەك بولۇۋاتىدۇ، شاپاشلاۋاتىدۇ، رىقابەتلىشىۋاتىدۇ. بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. بىراق يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇلار بۇنداق ماددىي نەرسىلەرگە بېرىلمەي، غايە ۋە ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىۋاتىدۇ، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن ئەركىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلماقتا.

ئېينىشتېين

بەخت، ناۋادا ماڭىلا، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ بىرىگىلا تەئەللۇق بولىدىغان بولسا، دەرھال كۆزۈمدىن يوقالسۇن!

بېلىنسكي

كىشىنىڭ شادلىقى ۋە بەختى پۇلدا، مۇھەببەتتە ئەمەس، ھەـ
قىقەتتە. سەن ھايۋانلارغا خاس بىر خىل بەختكە ئېرىشمەكچى
بولغان تەقدىردىمۇ، تۇرمۇش بەرىبىر سېنىڭ كەينىڭ سۇرۇشۇڭگە،
بەختلىك بولۇشۇڭغا يول قويمايدۇ، ھامان تۇيۇقسىز زەربە
بېرىپ تۇرىدۇ.

چېخوف

بەختىيار زامان ئادەم بىر كېچە ئۇخلاپ قوپسا تاڭ ئاتقاندەك
ئاسانلا قولغا كەلمەيدۇ.

برېھت

كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقسىتى ئۆز ھاياتىنى تەرەققىي قىلـ
دۇرۇشتا، ئەمما ھاياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھاياتنى قۇربان
قىلىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ھاياتنىڭ تەسىرى ۋە شان ـ
شەۋكىتىنى ئادەتتىكى تەرەققىيات بەزىدە شەرەپلىك قۇربان بوـ
لۇشتەك ئاشۇرالمايدۇ. گۈزەل مەنزىرىلەر كۆپىنچە خەتەرلىك تاغ ـ
دەريالاردا بولىدۇ. مىسلىسىز گۈزەل كۈي كۆپىنچە مۇڭلۇق بولىدۇ.
ئالىيجاناب تۇرمۇش كۆپىنچە شەرەپلىك قۇربان بېرىشتە بولىدۇ.

لى داجاۋ

ھېچقاچان قۇربان بەرمەيلا بەختكە ئېرىشمەكچى بولۇش ئەپـ
سانىدۇر.

شۈي تېلى

ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق جەمئىـ
يەت، تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش بولىدۇ؛ لېكىن، بۇ جەمئىيەت

بىلەن بۇ تۇرمۇش بىزنىڭ تىرىشىپ يارىتىشىمىزغا باغلىق.

چېن ۋاڭداۋ

بەختلىك بولاي دېمەمسىز؟ ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن جاپاغا چىداشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

تۇرگېنېف

تەلەپچان ئادەملەرنىڭ بەختى نوچىلىق. ئويۇن ـ تاماشا ۋە كۈلكە ـ چاقچاقلا ئوخشاش تەنتەكلىكلەر بىلەن ئەسرار بولۇشتا ئەمەس، بەلكى چىدام ۋە غەيرەتتە.

سىسېرو

بەختكە ئېرىشىش يولىدىكى كۈرەش ھەرقانچە جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولسىمۇ، ئازاب ئەمەس، ھۇزۇردۇر، پاجىئە ئەمەس، خۇشاللىقتۇر.

چېرنىشېۋسكىي

جەسۇر، باتۇر ئەرگە مال ئۆكسۈمەيدۇ. ئالغۇر ئاق لاچىن ئۇۋچۇن يەم ئۆكسۈمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قىلىچ، پالتا، ئوقيا، كۈچ ـ جاسارەت ۋە يۈرەك بولىدىكەن، يىگىت كىشى مال ئۈچۈن ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەڭ پەسكەش قىلىق جاھىللىقتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

24

جاھىللىق كىشى ئۈچۈن ئېغىر يۈكتۈر، جاھىل قىلىقتا ئەسكەر بولغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئوق ئات.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەخت ـ ئامەتكە ئىشەنمە، مۈمكىنقەدەر ياخشىلىق قىل، بىلىگىنكى بەخت بۈگۈنى بۇ يەردە بولسا، ئەتىسىلا ئۇ يەردە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي بەخت تىلىگۈچى، بەخت ئۈچۈن مەغرۇرلىنىپ كەتمە، كەلگەن بەخت (ئاخىرى) كېتىپ قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي بەختلىك ئادەم، (بىردەملىك) بەختكە مەغرۇرلانمىغىن، ئەي ئاتاقلىق ئادەم، سەن بەختكە ئىشىنىپ كەتمە. ئاقار سۇ، راۋان تىل ۋە بۇ بەخت تۇرمايدۇ، تىنماستىن يۈرۈپ دۇنيانى كېزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەخت ئىشەنچسىز، ۋاپاسىز، تۇراقسىزدۇر، كەتكەندە تېز ئۇچىدۇ، ئايىغى تايغاق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



بەخت قەيەردە بولسا (ئۇنىڭغا) بويۇن ئەگ، ئەپ بول. ئەگەر بەختنى رەت قىلساڭ، قايغۇ بىلەن ئېلىشىسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەخت كەلسە، ئىنسان ھەقىقىي سائادەتكە ئېرىشىدۇ، تۇمەن

ئارزۇسىغا يېتىپ ھالاۋەتتە ياشايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەخت كېلىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ كېتىدۇ، (ساڭا) مال بېرىدۇ، يېيىشنى بىلمىسەڭ، ئۇنى ئالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تۇراقسىز بەختكە ئېرىشسەڭ، ئۇنى ناھايىتى مەھكەم تۇت، ئەگەر مەھكەم ساقلىمىساڭ، ئىشەنگىنىكى قايتىپ كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەختىيار كىشى ئېھتىياتچان بولۇشى لازىم. بارلىق نالايىق ئىشلاردىن يىراقلىشىش كېرەك. ئۆزى پاك بولۇشى، توغرا يولدا مېڭىشى لازىم. بۇنىڭ بېغى مۇشۇنداق، بۇنى بىلىش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىگە بەخت كېلىدۇ، نامى شۆھرەتلىك بولىدۇ، خۇددى يېڭى ئايدەك نۇرى ئارتىپ، (ئاخىرى) تولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



دۆلەت تۇراقسىز، تەلۋە، (ئۇنىڭغا) كۆڭۈل باغلىما، دۆلەت تولۇن (ئايدەك) قايتا كىچىكلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

نېمەت تۈگەل بولغاندا، ئۆمۈرمۇ تۈگەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com

بەخت يۈزلەنسە ھەممىگە يارىشىدۇ، (ئەمما) ئەقىلللىق كى-
شىگە بەكمۇ چىرايلىق يارىشىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىگە بەخت كېلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلىك قىلىدۇ، تۇغرا
ئىش ـ ھەرىكەت قىلسا، بۇ قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭغا سىڭىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بولۇمسىزغا دۆلەت، بەخت كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ دۆلەتنى
ئىتتىرىپ، بىر كۈنمۇ تۇرغۇزمايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەخت ـ ئىقبال پاك (نەرسە)، پاكلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر (ئامەت) كەتسە، كەلتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ
كېتىدۇ، كۆتۈرۈلگەن بېشىنى قوڭۇر يەرگە ئەگدۈرىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تاللانغان (دۇنيانى) ئىزدىگۈچىنىڭ بەختى تولۇق بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىقى ھەر كۈنى ئارتىپ بارسا، بۇ بەختلىك كىشىنىڭ
بەلگىسى بولىدۇ. كىشى ئەگەر بەختسىز بولسا، كىشىنى سوۋۇتى-
دۇ، قېرىلىق مەزگىلىدە قىلىقى بۇزۇلىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانچە يۈكسەلگەنسېرى يامانلىقنى قويۇپ، بارغانسېرى ياخشى بولسا، بۇ كىشىنىڭ بەختلىك بولغىنىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قىرىغاندىمۇ ھەۋەس كەينىدىن يۈگۈرسە، بىلگىنكى بۇ تاما-مەن بەختسىز كىشىنىڭ بەلگىسىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇلۇغلۇق، ئۇستۇنلۇك (ۋە) بەختلىك كۈنلەر ئۇزاق داۋاملاش-مايدۇ. قارىساڭ ئۇنىڭ راھىتى ئاز، مۇشەققىتى كۆپ، باش ئاغرىقى، قارغىش - سۆكۈشلىرى خېلىلا كۆپ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇلۇغلۇققا ئارتۇقچە مەغرۇرلىنىپ كۈلمە، ئۇلۇغ بولساڭ، باش ئاغرىقى (كۆپ بولىدىغانلىقى) نى بىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قەيەردە شادلىق بولسا، ئاخىرى (بىر) بالا كېلىدۇ، قەيەردە را-ھەت بولسا، مىڭ (خىل) جاپامۇ بىللە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پەلەك گۈزەل گۈلباغچە - سارايلىرىنى خۇددى دىلى سۇنۇق ئاشىقنىڭ كۆڭلىدەك ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

زامان ئۆزىنىڭ جاپاسىنى جاھان شاھىغا سېلىپ، ئۇنى

شاھلىق تەختىدە تۇرغۇزۇپلا جىنازىدىن ئورۇن بېرىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

گۈزەللەرنىڭ ھۆسن ـ جامالىدىن ۋاپا بولمىغىنىدەك، بۇ جاھاندا زامان شاھلىرىغىمۇ ئەبەدىيلىك يوق.
ئەلشىر نەۋائى

ھايات ئىگىسى دۇنياغا ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈش ئۈچۈن كې-لىدۇ. پەقەت دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتمىگەن نادانلارلا بۇ ھەقىقەتتىن خەۋەرسىزدۇر.
ئەلشىر نەۋائى

دۇنيادا مىڭ يىل ياشىساڭمۇ، ئەجەل ئاخىر ساڭا يەنىلا ئارام-لىق بەرمەيدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

ئەندىشە قىلغان بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولمايدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

ئۆلۈمدىن قورقۇش ھېچكىمگە پايدا كەلتۈرمەيدۇ. ئۆلۈمدىن غەم يېيىش ئارتۇقچە بىر ئىشتۇر.
ئەلشىر نەۋائى



دۇنيا غەمنىڭ يېرىدۇر. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئاۋات بولىدۇ. دۇنيادا ھەربىر ئەلگە بىر غەم ئايان بولۇپ تۇرىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

كىمكى دۇنيانىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كەتسە، كېيىنكى غەم،

يەنى ئاخىرەت يولى غېمىگە دۇچ كېلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دۇنيانىڭ غېمى بىلەن زارلانغان بولساڭ، ئاخىرەت يولى بىلەن ئۆزۈڭنى شاد قىل. ئاخىرەت غېمىدىن غەمكىن بولساڭ خۇشاللىق ھېس قىل. چۈنكى ئاخىرەت غېمىنى يېمەكتىن كۆڭۈل ئازادىلىك تاپىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەجەلنىڭ ئىنسانغا يۈزلىنىشى مۇقەررەر. شۇنداق تۇرۇقلۇق-مۇ بەزىلەر تەمەخورلۇق قىلىپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۆزىنى ئۆزى غەم - غۇسسىنىڭ ئوتلىرىدا كۆيدۈرىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئەلىشىر نەۋائى

ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ئۆلمەك ئۈچۈندۇر. بەس، شۇنداق ئىكەن، ئەجەل يېتىپ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھەر دائىم ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈر. گۇدەك قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئەلىشىر نەۋائى

غەم - غۇسسىلىرىڭنى دەپ، جېنىڭغا جاپا سالمىغىن. ساڭا بىر غەملا بولسا كۇپايە قىلىدۇ. ئىككى غەمنى يەپ نېمە قىلىسەن؟

ئەلىشىر نەۋائى

جاپا - مۇشەققەتنى دەپ جىسمىڭنى سۇندۇرمىغىن، بىر مۇشەققەتنى يەنە ئىككى قىلىپ كۆپەيتمە.

ئەلىشىر نەۋائى

پەلەكتىن ساڭا قانچىكى كۈلپەت كەلسە ئۆتۈپ كەت.

جاپا ـ مۇشەققەت قانچىكى كۆپ بولسا، ئۇنى سەل چاغلىغانغا ئىبـ.
لىپ، ئۆزۈڭنى بەزلەپ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ تەسەللى بەرگەن.
ئەلشىر نەۋائى

ئىش ھەرقانچە قىيىن، مۇشەققەتلىك بولسىمۇ، جاسارەت ۋە
پەم ـ پاراسەتلا بولىدىكەن، ئۇنى قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

باي بولماقچى بولساڭ يوقسۇللۇقتىن قاچما.
ئەلشىر نەۋائى

ئۆزىنى تەمكىن تۇتالايدىغان، دۇنيا ئىشلىرىنى «غەم يەپ
كېتىشكە ئەرزىمەيدۇ» دەپ قاراپ، كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتىـ.
دىغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى «شاد» دېيىشكە بولىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

يۈرىكىڭدە ھەسرەت داغلىرى بولسىمۇ، ئۆزۈڭنى ئەركىنرەك
تۇت. داغ ئۈستىگە داغ قىلىپ، قەلبىڭنى جاراھەت قىلىپ، ئۆزۈڭگە
مالامەت يەتكۈزمىگىن.
ئەلشىر نەۋائى

جېنىڭغا ئاراملىق بېغىشلاش ئۈچۈن داۋا تاپالمىساڭ، ئاچـ.
چىقىڭدا ئۆز جامىڭغا زەھەر تاشلىۋالما.
ئەلشىر نەۋائى

كىشى دۇنيادا يۈز يىل ياشاشنى ئارزۇ قىلسا، ئۇ چوقۇم يۈز
يىل سەۋر قىلىشى، ئۆمۈر مەنزىللىرىنى تولىمۇ سەۋرچانلىق بىـ.
لەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.
ئەلشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە چېكى بولغاندەك، ھەرقانداق ھالاكەتنىڭمۇ ئاخىرى ۋە چېكى بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئىنسان ھەر نەپەستە، ھەر دەقىقىدە ئۆز ئۆمرىنىڭ قىممىتىنى بىباھا گۆھەردەك بىلىپ قەدىرلىشى كېرەك.

ئەلشىر نەۋائى

زاماندىن كۆپ نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ. بىراق ئۆلمەس نەرسىنى ئاز تاپىسەن. كۆپ توغرۇلۇق ئاز سۆزلە، ئاز توغرۇلۇق كۆپ سۆزلە.

ئەلشىر نەۋائى

ئۆمۈر دېگەن شامالدەك تېز ئۆتىدۇ. ئۆزۈڭنى خۇشال تۇت. قانچە ئىتتىك يۈگۈرسەڭمۇ شامالغا يېتىشكىلى بولمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ۋەيرانلىققا كىرىپ قالغان كىشى تويانىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئۆمۈر سارىيىنى بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ غەنىيمەت بىل، گەرچە بۇ چىرايلىق بىنانىڭ ئۇلى قىلىن بولسىمۇ، مۇستەھكەم ئەمەس.

ئەلشىر نەۋائى

يىگىتلىك باھار پەسلى بولسا، ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلى كۈز، بۇ سۆزنى دېگۈچى قېرىلىقنى قىشقا ئوخشىتىدۇ.

ساقالنىڭ ئېقى ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئۇ تىرىكلىك كۆكى

ئۈستىگە چۈشكەن قىرودۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

بەندە تەۋەججۇھ بىلەن قاتتىق تىرىشسا، ھۆل دەرەختىن ياپراقنى چۈشۈرەلمەيدۇ. كەشپىيات بىلەن تۇخۇمنى كۆزدەك يورۇتالايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئىلىم ئېلىشنى كەسىپ قىل، بولمىسا، دۇنيانىڭ قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئاز ـ ئاز ئۆگىنىپ ئالىم بولۇر، تامچە ـ تامچە يىغىلىپ دەريا بولۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنى ئىشلەتمىگەن كىشى يەر ھەيدەپ ئۇرۇق سالمىغان ياكى ئۇرۇق سېلىپ، ھوسۇل ئالالمىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

قابىلىيەتلىككە تەربىيە بېرىش نىجاسەتكە چۈشۈپ كەتكەن گۆھەرنى يۇغانغا ئوخشىشىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

قابىلىيەتلىك ئادەمنى تەربىيىلىمەسلىك زالىملىق؛ قابىلىيەتسىز ئادەمگە تەربىيە قىلىش بىھۇدە. ئالدىنقىسىدىن تەربىيىنى ئاياپ نابۇت قىلما، كېيىنكىسىگە تەربىيىڭنى زايە قىلما.

ئەلىشىر نەۋائى

ئوڭاي قولغا كەلگەن مال ئۇزاق تۇرمايدۇ، پۇشايمان قىلىش بىلەن باھاسى ئاشمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئۆزۈڭنىڭ مېھنىتى بىلەن كەلگەن بىر تىيىن باشقىلار بەرگەن خەزىنىدىن ئەلا.

ئەلىشىر نەۋائى

ۋۇجۇدقا چىقىرىش ناھايىتى جاپالىق بولغان بىر ئىشنى قىلىشقا تەرەددۇت قىلساڭ، ئىككىلىنىپ قالغاندا، ئاۋۋال ئەمگىكى ئازراق بولىدىغان، ئازارى كەمرەك بولىدىغان تەرىپىنى تۇت، دۇنياغا تەئەللۇق ئىشنى چوڭ چاغلىما.

ئەلىشىر نەۋائى

ناز قىلىپ ئەركىلەش مەھبۇبلارنىڭ ئىشى. جاپا چەكمىگۈچە راۋاج تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھۈنەرسىز، ئىشى يوق كىشى خۇددى ئوق تەگكەن مەجرۇھقا ئوخشايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھۈنەر بىر خەزىنە بولۇپ، ھۈنەرلىك كىشى تۈگىمەس خەزىنىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەربىر مېھىر - مۇھەببەتنىڭگە مىڭ دەرد - مېھنەت قوبۇل قىلمىساڭ قاتتىق تۇرمۇشتا سەن.

ئەلىشىر نەۋائى

بىباھا گۆھەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق

نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش لازىم.

ئەلشىر نەۋائى

سەندە دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىدىن ھېچ نەرسە قالمىسا ئۇ ھالدا سۈپىتىڭمۇ باشقىچە بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ۋىسال قۇياشى نۇرىنى چاچقانسېرى، قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ تاڭغا يۈزلىنىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

بەختكە ئىنتىلىش ئىنساننىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھەرقانداق ئەخلاقنىڭ ئاساسى بولۇشى لازىم.

ف. ئېنگېلس

بەختكە ئىنتىلىش بولمىغان جايدا، ئومۇمەن ئىنتىلىشمۇ يوق. بەختكە ئىنتىلىش ئىنتىلىشلارنىڭ ئىنتىلىشى.

ل. فېيېربا خ

ئىنسانغا بەخت كېرەك. ئۇنىڭ بەختكە ئېرىشىش ھەققى بار. قانچىلىك مۈشكۈل بولمىسۇن ئىنسان بەختكە ئىگە بولۇش كېرەك.

ن. ئا. دوبروليوبوف



ھەربىر ئادەمنىڭ بەختلىك بولغۇسى كېلىدۇ. بەختلىك بولۇش كېرەك، ھەمدە بەختلىك بولۇشقا ھوقۇقلۇقتۇر.

ن.ۋ.شېلگونوف

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بەختلىك بولۇش ھوقۇقى ئىنسان ھوقۇقىنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسمىدۇر.

ك.د.ئۇشىنسكىي

قۇش پەرۋاز ئۈچۈن، ئىنسان بەخت ئۈچۈن يارالغان.

ۋ.گ.كورولېنكوف

ئىنسان ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ھەمدە بەختىيار بولۇشقا ئىنتىلگۈچى، سەزگۈر، ئەقىللىق ۋە پىكىر يۈرگۈزگۈچى مەۋجۇداتتۇر.

پ.گولباخ

تەلتۆكۈس بەخت بىزگە نېسىپ بولغۇچى يۈكسەك دەرىجىدىكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتۇر. بەختسىزلىك بولسا، يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇسىبەتتۇر.

ژ.لوكك

بەختسىزلىكنى ياخشى مەكتەپ دېيىشىدۇ، بەلكى شۇنداقتۇر. لېكىن ئەڭ ياخشى دارىلفۇنۇن بەختتە مۇجەسسەم. ئۇ ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە قادىر بولغان قەلب تەربىيىسىنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ.

ئا.س.پۇشكىن

پەيلاسوپلار ئەمەس، بەلكى پوكۇسچىلارلا ئىنسان ئۆز ئىختىيارىچە ياشىسا بەختلىكتۇر دەپ گەپ ساتىدۇ. بۇ تامامەن يالغان. جىنايى ئارزۇلار يىرگىنىچلىك ۋە بەتبەختلىكتۇر. جىنايى

ئارزۇدىن كۆرە ئارزۇ قىلغىنىڭغا يېتەلمىگەنلىكىڭ خېلى توغرىدۇر.

تستىسىرون

بىزنىڭ كوممۇنىستىك جەمئىيىتىمىز بىرلا مېنىڭ بەختىمگە ئەمەس، بەلكى مىليونلىغان بەختلىكلەرگە مۆلچەرلىنىشى كېرەك. «مەن بەختلىك ئىنسان بولۇشنى خالايمەن. قالغانلار بىلەن كارىم يوق» دېيىش كونا مەنتىقىدۇر. يېڭى مەنتىقە بولسا، «مەن بەختلىك ئادەم بولۇشنى خالايمەن، لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ توغرا يولى شۇنداق قىلىشىم كېرەككى، باشقىلارمۇ بەختلىك بولسۇن، شۇ چاغدا مەنمۇ بەختلىك بولىمەن» دېيىشتۇر.

ئا.س.ماكارېنكوف

ئۆز شەخسىي بەختىنى يارىتىشنى خالىغان ھەربىر ئادەم بارلىق ئىشچى ۋە دېھقانلار بەختىنىڭ تاۋلىغۇچىسى، ئىجادكارى بولۇشى كېرەك. قاچانكى، ئۇ ھەممىنى بەختىيار قىلسا، ئۆزى شەخسىي بەختىنىمۇ تاۋلىغان بولىدۇ.

م.ئى.كالىنىن

جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى — ھەممىنى بەختىيار قىلىش.



گ.بابېف

ھەممە ئۇچۇن بەخت — ھەممىنىڭ ئىناق ئەمگىكى بىلەن يارىتىلىدۇ.

گ.ئىبسېن

دوستلار بىلەن بىللە كۆرۈلمىگەن، پەقەت ئۆزىمىز بەھرە ئالغان ھەرقانداق تۇرمۇش پاراغىتى بىزگىمۇ ئۇنچىلىك لەززەت بېرەلمەيدۇ.

روتتېردامسكي

ئادەم باشقىلارغا قانچىلىك شادلىق ۋە بەخت بەرمىسە، ئۇمۇ پەقەت شۇنچىلىك شادلىق ۋە بەختكە ھەقدار بولۇشى مۇمكىن.

ئە.فېيىفتېردسلېبېن

باشقىلارنىڭ بەختىنى ئويلاش بىلەن ئۆز بەختىمىزنىمۇ تاپىمىز.

پلاتون

ياخشىلىق پەقەت ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت. دېمەك، بىرسى يەنە بىرسىنىڭ بەختى ۋە راھىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، بۇ يەنىمۇ ئىنسانىي خۇسۇسىيەتتۇر.

توماس مور

ئادەم دۇنيادا باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەختلىك بولۇش ئۈچۈن ياشايدۇ.

ستېندال

ئاز نەرسىگە قانائەت قىلغان ئادەم دۆلەتمەندۇر. چۈنكى، بۇنداق قانائەت ئۇنىڭ مەنىۋى بايلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سوقرات

پاراسەتسىز ئادەمنىڭ ئامىتى كەلسىمۇ، ئۇ ئەقىلسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ توقلۇقى قېلىنلىقا ئايلىنىدۇ.

فىرونە

جاھاندا بەختلىك بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى جاھانغا، بو-
لۇپمۇ ئۆز ۋەتىنىگە پايدىلىق بولۇشتۇر.

ن.م.كارامزىن

ئىلاجىنىڭ بارىچە كۆپرەك ئادەملەرگە بەخت ھەدىيە قىلغان
كىشى ئەڭ بەختىيار كىشىدۇر.

د.دىدېرو

ئىلاجىنىڭ بارىچە كۆپرەك ئادەملەرگە بەخت ياراتقان كىشىنى
ئەمەلىيەت ئەڭ بەختىيار كىشى سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ.

ك.ماركس

باشقىلارنىڭ قايغۇسىنى ئۆز قايغۇسى دەپ بىلگەنلىكى ئىن-
سان ئۈچۈن، ھەممە جانلىقلار دۇنياسىغا قارىغاندا ئەزىز ۋە ھۆر-
مەتلىك بولىدۇ.

ۋ.ئا.سۇخوملىنسكىي

ئۆمرىنى باشقىلارنىڭ بەختى توغرىسىدا غەمخورلۇق قىلىش
بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئەڭ ئاجايىپ ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ
بەختىيار كىشىلەردۇر.

ۋ.ئا.سۇخوملىنسكىي

ئادەم ئۆز بەختىنى باشقىلارغا كەلتۈرگەن بەختكە قاراپ
ئۆلچەيدۇ.

ئى.بېنتام

باشقىلارنىڭ بەختىسىز، شەخسمۇ بەختلىك بولالمايدۇ.

ن.گ.چېرنىشۇۋسكىي

ھاياتتا بىرلا ھەقىقىي بەخت بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلار ئۈچۈن ياشاشتۇر.

ل.ن.تولستوي

ئادەملەر باشقىلارنىڭ بەختىدىن بەخت تاپسا، ئۇ ھەقىقىي ياشىغان ھېسابلىنىدۇ.

ئى.گېيوتى

بەخت باشقىلار بىلەن ئورتاق كۆرۈلگەندىلا مۇستەھكەم بولىدۇ.

ژ.لامېترى

بايلىق ياراتماي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ھەققىمىز بولمىغىنىدەك، بەخت كەلتۈرمەي تۇرۇپ ئۇنى ئورتاق كۆرۈشكىمۇ ھەققىمىز يوق.

ب.شوئۇ

شەخسىي پاراغەت توغرىسىدا ئويلاش تەبىئىيدۇر، بۇنى ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك. لېكىن ئەل ـ يۇرتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھىمايىسىدىن كۆز يۇمۇپ، پەقەت شەخسىي پاراغەت ھەققىدە ئويلانسا، ھايات چىرىكلىشىدۇ. چۈپەيلىشىدۇ. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، تۆۋەن بىر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ر.روللان

بايلىق شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭسىزمۇ بەختلىك ياشاش مۇمكىن. ئەمما پاراۋانلىق، بەختىيار ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر شەرت.

ن.گ.چېرنىشۋىسكىي

ياشاش ۋە بەختىيار بولۇش ھوقۇقىغا كۆچى يەتمەيدىغان ئادەمنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى بىر شەپىدۇر.

ن.گ.چېرنىشۋىسكىي

ئىنسان بەختلىك بولۇشى كېرەك. مۇبادا ئۇ بەختسىز ئىكەن، ئۇنىڭغا ئۆزى ئەيىبلىك. دېمەك، ئۇ بۇنداق بىئەپلىك ۋە ناھەقچىلىقنى بىر تەرەپ قىلمىغۇچە ئۆزى ئۈچۈن ھېرىپ ـ ئېچىپ ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

ل.ن.تولستوي

بەختلىك بولۇش ئۈچۈن بەختلىك بولۇش مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىش كېرەك.

ل.ن.تولستوي

بەختلىك بولۇش ئۈچۈن دائىم شۇ بەختكە ئىنتىلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش كېرەك. بەخت ۋەزىيەتكە ئەمەس، ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق.

ل.ن.تولستوي

بەخت سېخىي ئادەمنىڭ قولىدىن تەييار ھالدا ئېلىنمايدۇ. ئۇ كۆرەش بىلەن قولغا كېلىدۇ ۋە شەكىللىنىدۇ.

د.ئى.پىسارېف

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بەخت ھاۋادىن ئەمەس، ئەمگەكتىن كېلىدۇ.

روۋلكى

بەخت كۆپ ئەمگەك قىلغانغا نېسىپ بولىدۇ.

لېئوناردو داۋىنچى

ھەربىر ئادەم ئۆز بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئىجادچىسى.

ر.ستىل

... بەخت سېتىلماس ۋە كىمكى ئەگەر،
تەر تۆكۈشكە بولالىسا مالىك،—
شۇندا ئامەت بولار جىلۋىدار،
شۇندا شادلىق قىلار ئاشنالىق.

مىرزاشاپىي

بوشاڭ ئادەملەرگە بەختنىڭ نېنى تەگمەيدۇ.

ساپاكل

ئامىتىمىز —ۋەزىيەتنىڭ مۇۋازىنىتى، خالاس. دېمەك، كۈ-تۈلمىگەن بەختسىزلىكنىڭ شۇ مۇۋازىنەتنى بۇزۇشىغا يول قويـ-ماسلىق كېرەك. دانالىق مانا شۇنىڭدا.

ژ.بىرژېس

نە بويسۇنۇشقا ۋە ئۆزىنىڭ نىمىگە قادىرلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بېرىشكە ئېھتىياجى يوق ئادەملا ھەقىقىي بەختىيار ۋە ئۇ-لۇغۋاردۇر.

ئى.گيوتى

ئۆز ھېسسىياتىغا ماس شارائىتتا ياشايدىغان ئادەم بەختىيار- دۇر. شۇنىڭ بىلەن، ئۆز ھېسسىياتىنى ھەرقانداق شارائىتقا ماس- لاشتۇرالايدىغان ئادەم تېخىمۇ بەختلىكتۇر.

د.يوم

سىز ئەگەر بەختنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، قاچاندۇر ئۇنىڭغا يېتىشسىڭىز، كۆزەينىكىنى ئىزلىگەن مومايدەك، بەختنىڭ دائىم بۇرنىڭىز ئاستىدىلا تۇرغانلىقىنى سېزىسىز.

ب.شوئۇ

ئىزلىگەن ئاجايىپ نەرسىنىڭ يېنىمىزدا تۇرغانلىقىنى بىز دائىم كېچىكىپ چۈشىنىمىز.

ئا.ئا.بلوك

قورقۇنچاقلىقلارغا بەخت يار بولمايدۇ.

ساپاكل

بەخت دائىم مەرد ئادەم تەرەپتە.

پ.ئى.باگراتئون



ئادەمنى بەختلىك بولۇشقا ئۆگىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. لې- كىن، ئۇنى بەختىيار بولالايدىغان دەرىجىدە تەربىيىلەش مۇمكىن.

ئا.س.ماكارېنكوف

خاتىرجەمسىز تۇرغان شارائىتتا ئادەم ھەقىقىي بەختلىك

بولالمايدۇ. ھەقىقىي بەخت خاتىرجەم، ياز پەسلىدىكى دېڭىزدەك ۋەزمىن بولىدۇ.

ئا.س.گېرتسېن

بەختلىك بولۇشىمىزغا شەخسىي خىسلەتلىرىمىزدىن ئەڭ كۆپرەك پايدىلىقى — خۇشخۇيلۇقىمىزدۇر.

ئا.ئى.شوپېنگائۇئېر

كىم دائىم خۇشخۇي بولسا ئۇ بەختىياردۇر، كىم بەختىيار ئىكەن ئۇ ياخشى ئىنساندۇر.

ۋ.گ.بېلىنسكىي

غەلۋىسىز، غوۋغاسىز ھايات — بەخت ئەمەس، بەخت كۆڭۈل-نىڭ بىر ھالىتى.

ف.ئە.دزېرژىنسكىي

ئۆزىنى بەختلىك دەپ بىلىدىغان ئادەم بەختلىكتۇر.

گ.فىلدىڭ

ئۆزىنى بەختلىك دەپ ھېسابلىمىغۇچە، ھېچبىر ئادەم بەخت-لىك ئەمەس.

مارك ئاۋرېلىي

بەزىلەر ئۆزلىرى بىلمىگەن ھالدا بەختلىك ياشايدۇ.

ۋوۋېننارگ.

بىزنىڭ سىزىش قابىلىيىتىمىز چېگراسىغا سىغمايدىغان

كۆچلۈك بەخت ۋە قايغۇلار بولىدۇ.

ف.لاروشفېك

بەخت ۋە ئەلەمدىن بىخەۋەر ئادەم دۈشمەن بىلەن ئۇچراشمىغان ئەسكەرگە ئوخشاش ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ف.كلىنگېر

بەخت — بەختسىزلىكتىن نەپرەتلىنىشتىن، ئادەمنى خۇ- نۈكلەشتۈرۈپ، ئۇنى بۇزىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە فىزىئولوگى- يىلىك يىرگىنىش بىلەن قاراشتىن، تارىخ بوران - چاپقۇنلىرى سەۋەبىدىن يەنىمۇ ۋەيران بولۇۋاتقان ساختا پاراۋانلىق خۇسۇسىدا ئاھ ئۇرغان، ئىڭرىغان، نالە قىلغان ناتىۋانلاردىن ھەقىقەتەن ۋاز كېچىشتىن باشلىنىدۇ.

م.گوركىي

بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ئۆز ھاياتلىرىنى ئەرزىمىگەن نەرسىلەر بىلەن ھېچبىر ئاساسسىز ھالدا بۇزۇۋاتقانلىقلىرىنى كۆرگىنىمدە، مەن ئۆزۈمنى بەختىيار ھېس قىلىمەن. نېمىشقىدۇر مەن روھىمى- نىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس ھالىتىنى، تېتىكلىكىنى ساقلاپ قال- غانمەن ۋە ھەرقانداق بولمىغۇر نەرسىلەر ئۈستىدىن كۈلىمەن.

ف.ئېنگېلس



خۇشاللىق ۋە ئۈمىدكە مايىللىق ھەقىقىي بەختتۇر، خۇدۇك- سىرەش ۋە روھىي چۈشكۈنلۈككە بېرىلىش — ھەقىقىي بەخت- سىزلىكتۇر.

د.يوم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بەخت قۇشى باشقا قونغاندا پايدىلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم ئۇ قولىدىن كەتكەندە زارلانماسلىقى لازىم.

م.سېرۋانتېس

بەخت —تاقەتسىز كىشىلەرگە كۆپلىگەن نەرسىلەرنى پۇلغا، سەۋرلىكلەرگە بىكارغا بېرىدۇ.

ف.بېكون

ئازراقمۇ جاپاسى بولمىغان ساپ بەخت بولمايدۇ.

ۋ.شېكسپېر

ئىللىتى يوق بەخت بولمايدۇ.

گوراتسي

ئىنساننى ھەقىقي بەختىيار قىلالايدىغان ئىككى نەرسە بار، ئۇ ئادەملەرگە نەپ بېرىش ۋە ساپ ۋىجدانلىق بولۇش.

ل.ن.تولستوي

بەخت —پۇشايمانسىز ھۇزۇر قىلىش دېمەكتۇر.

ل.ن.تولستوي

ئالدىدا خۇشال بولىدىغان نەرسىسى بولمىسا، ئادەم دۇنيادا ياشىيالمايدۇ.

ئا.س.ماكارېنكو

ئىنسان دائىم خۇشال ياشىشى كېرەك. ئەگەر خۇشاللىقىڭ

تۇگىسە، نېمىدە خاتالاشقىنىڭنى ئىزلەپ كۆر.
ل.ن.تولستوي

ئەتراپىمىزدىكىلەر ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇناسىۋىتىمىز بىزگە شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ.
ف.لاروشفېك

زور خۇشاللىقتا پەقەت زور ئەمگەك بىلەن ئېگە بولۇش مۇمكىن.
ئى.گيوتى

كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن دالالەت بېرىدۇ.
ر.ئېمېرسون

كۆڭۈلنىڭ ئەڭ زور ھوزۇر ـ ھالاۋىتى، ئەڭ يۈكسەك خۇشال-لىقى ئۆزۆڭنى ئادەملەرگە كېرەكلىك ۋە يېقىن دەپ ھېس قىلىشىڭدۇر.
م.گوركىي

ھاياتنى كۆڭۈلسىز دېيىش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭدا جاراھەت، ئاھۇناله، ئەلەم ۋە كۆز ياشتىن باشقا نەرسە يوق دېيىشمۇ يالغان! .. ئۇنىڭدا ئىنسان خالىغان ھەممە نەرسە بار. ئىنساندا بولسا ھاياتتا يوق ئىجادكارلىق قۇدرىتى مەۋجۇت.
م.گوركىي

تەنها شاد ـ خۇراملىق — كۆڭۈلسىزلىكتۇر.
گ.لېسسىڭ

www.uyghurkitap.com

غەمگە بىر ئادەم چىدىشى مۇمكىن، لېكىن خۇشاللىقنى ئىككى ئادەم تەڭ كۆرۈشى كېرەك.

ئە.خايبارد

تەڭ كۆرگەن خۇشاللىق كۆپكە تېتىيدۇ.

ژ.خاللېند

ئەستە قالمايدىغان خۇشاللىق ھەقىقىي خۇشاللىق ئەمەس.

زاندېرىس

خۇشاللىق ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما قايغۇ ھېچ ۋاقىت ئۇنتۇلمايدۇ.

م.يو.لېرمونتوف

خاپا بولۇشنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ خۇشاللىقنىمۇ بىلمەيدىغان ياكى كۈلكىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەمگە ئوخشاش ناچار كېلىدۇ. بۇلار ئۆتۈپ كەتكەن مەنىۋى چەكلىمىلىكتىن دالالەت بېرىدۇ.

ك.گ.پائوستوۋىسكىي

غەم —شىددەتلىك ھۆكۈمران.

م.يولېرمونتوف



قايغۇ دەردمەننىڭ ئاغزىنى بىردەم يۇمدۇرۇشىمۇ، ئېچىۋېتىشىمۇ مۇمكىن.

م.سېرۋانتېس

ئانچىكىم غەم ـ قايغۇلار دەرھال تىلغا چىقىدۇ. چوڭقۇر قايغۇ بولسا جىمجىتتۇر.

سېنېكا

سۈكۈت ئىنسان قايغۇسىنىڭ پۈتۈن دەردىنى چەككەن ئاددىي قەلبىگە باشپاناھ.

ۋ.ھيۇگو

خۇشاللىق پەيزىنى سۈرۈش ئاسان، ياخشىسى بېشىڭغا تەشۋىش چۈشكەندە بەردەم بول!

ش.روستاۋېلى

ھەممە تۇيغۇلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ئەستىن چىقمايدىغىنى —قايغۇ.

ئو.بالزاك

مەن باشقا تەشۋىش چۈشكەندە تەبەسسۇم قىلىدىغان، قايغۇنى يېڭىش جەريانىدا كۈچ ئالىدىغان ۋە تەپەككۇرنى مەردلىكنىڭ مەنبەسى دەپ بىلىدىغانلارنى قەدىرلەيمەن.

ت.پېين



ئىنسان ئۈچۈن غەمدىن يامىنى يوق.

مېناندر

قايغۇ، يېڭىلىۋاتقان ئادەمنى كۆرسە تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

ۋ.شېكىسپېر

قايغۇدىمۇ ئۇلۇغۋارلىق بولىدۇ. كۆز يېشى تۆكۈشنىڭمۇ چېكى بار. پەقەت ئەقىلسىز ئادەملەرلا خۇشال بولغانلىرىدىمۇ، كۈلپەتلىك چاغلىرىدىمۇ ھولۇقۇپ قالىدۇ.

سىنېكا

قەلب تەشۋىشلىرى ئادەمنى ھەرقانداق ئىشتىنمۇ كۆپرەك ھارغۇزىۋېتىدۇ.

ئو.كامال

كۈلپەت ۋاقىتلىرىدىكى ئەڭ ياخشى مەلھەم — روھىي خاتىرجەملىك.

پلاۋېن

ھەقىقىي قايغۇ ئەندىشىلىك بولىدۇ.

ئى.گېيبېل

ھەرقانداق قايغۇدىنمۇ ئۇنىڭ دەھشىتى زورراق.

ئى.تىشاككي

ئەڭ داۋاسىز قايغۇ — ئۇنى ھەدەپ ئويلاۋېرىشتۇر.

م.ئەبىنېر —ئەشنباخ

كېچە ـ كۈندۈز قورقۇپ ياشىغاندىن كۆرە، ياۋۇز تەقدىرمۇ ياخشى.

ف.شىللېر



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

دائىم بەختسىزلەر ئەيىبلىك، ياشىغانلىقلىرى ئۈچۈنمۇ، سۆزلىگەنلىكلىرى ئۈچۈنمۇ، باشقىلارغا موھتاج بولغانلىقلىرى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكلىرى ئۈچۈنمۇ ئەيىبلىكتۇر.

ئو.مىرابا

ئىنسان ھېچقاچان ئۆزىگە تۇيۇلغانچىلىك بەختلىك ياكى بەختسىز بولالمايدۇ.

ف.لاروشفېك

بېشىڭغا قايغۇ چۈشكەندە، ئەتراپىڭغا قاراپ ئۆزۈڭنى باس. ساڭا قارىغاندا تەقدىرى ئېغىرراق كىشىلەرمۇ بار.

ئېزوپ

ئادەملەر باشلىرىغا قايغۇ چۈشكەندە، خۇدادىن ۋە باشقا خالىغان نەرسىلەردىن زارلىنىدۇ. ئەمما، ئۆزلىرىدىن زادىلا زارلانمايدۇ.

پلاتون

بىپەرۋالىق مىڭ تۈرلۈك قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

ئا.جامى



بەختسىزلىك پەقەت كۆرەش بىلەن يېڭىلىدۇ.

ئا.شېنيې

ھەممە نەرسە، ھەتتا قايغۇ - ئەلەممۇ كونىرايدۇ.

گ.فلوبېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاقىت ھەممە جاراھەتلەرنى داۋالايدۇ.

ميناندىر

ئەقىلنىڭ سەۋەبى بىلەن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئارقىلىق يۇمشىمايدىغان مۇسىبەت يوق.

ف.روخاس

قەتئىي ئېتىقاد ۋە غەيرەت زۆرۈر. مۇھىمى مانا شۇ. ئۈمىدسىزلىك —پەقەت پائالىيەتسىزلىكتە ئېلىپ بارىدۇ.

ن.پ.ئوگارېف

كۆڭۈل جاراھەتلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە يەنە ئىش بىلەن تۈزۈلىدۇ. بىلەكتە كۈچ بار چاغدا، ئىشلەش كېرەك! يۈرەككە بۇنىڭدىن ئارتۇق داۋا يوق.

ژ.فابر

كۆڭۈل ئارامسىزلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى— ئەمگەكتۇر.

پ.ئى.چايكوۋسكىي



كۈلپەتتىن ھېيىقما، ئۇنىڭغا توپتوغرا باستۇرۇپ بار.

ۋېرگىلىي

دۇنيا بىر پۈتۈن ماددىي دۇنيادىن ئىبارەت. بىر پۈتۈن ماددىي دۇنيانىڭ سىرتىدا ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا پاراللېل تۇرغۇچى ئىككىنچى دۇنيا، روھىي دۇنيا، ئىلاھىي دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس.

جەمئىيەت ۋە روھىيەت دۇنيانى ماددىي دۇنيانىڭ راۋاجلىنىش مەھسۇلىدىن، ئۇنىڭ تاكامۇللاشقان بىر شەكلى ۋە بىر ھالقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەڭ ئېلېمېنتار ماددىي تۈزۈلمىنى ئىنكار قىلىپ ئۇنى بىرلىك قىلىپ تاكامۇللاشقان مۇرەككەپ شەكىل ۋە ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

دۇنيانىڭ ئىنسان تەرىپىدىن بىلىپ ئېلىنىشى پۈتكۈل دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، دۇنيانىڭ قاتلاملىق تاكامۇللىشىشى-نىڭ سەمەرىسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مەجبۇرىيەت —ھېچقانداق زورلۇق ياكى ھالاۋەت بىلەن باغ-لانمىغان ۋىجدانىي بۇرچتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

شەرەپ ۋە نومۇس — كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋىجدان مەجبۇرىيىتى-لىرىنى ئۆتەش ياكى ئۆتىمەسلىكى، ئۆز - ئۆزىنى مۇكاپاتلىشى (شەرەپ ئېتىخار - غۇرۇرى) ياكى جازالىشى (روھىي ئازاب، نومۇس ئازابى) بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاقىۋىتىگە بولغان قەلب باھاسى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



تۇرمۇش —ئىجتىمائىي ئىنساننىڭ تىرىكچىلىك سىستې-مىسىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش —ئىجتىمائىي ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇت تۇزۇلمىسى، ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەت رىتىملىرى، ئۈمىد ۋە ئارمان تىنىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسانىي دۇنياسىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تۇرمۇش گۈزەللىكى — تۇرمۇش تارىخىنىڭ جۇغلانمىسى، تۇرمۇش ئىنتىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

بەخت —بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي گۈزەل تۇرمۇشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

كىشى دۇنياغا باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى بەختلىك ياشاش ئۈچۈن كېلىدۇ. بۇنداق بەختلىك ياشاش تۇرمۇشنى ئەركىن ۋە ئەمگەكچى ئىنساننىڭ تەبىئىتى ۋە زۆرۈرىيىتى بويىچە گۈزەللەشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىجتىمائىي بەخت ھەر قايسى ئائىلىلەر ۋە شەخسلەرنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي رېئال ئىجتىمائىي ئاساسى ۋە كاپالىتى. ئەمما، بۇنىڭدىن ئىجتىمائىي بەخت ھەر بىر ئائىلە ۋە شەخسنىڭ بەختى دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقمايدۇ. ھەر بىر ئائىلە ۋە شەخسنىڭ ئۆز سۆيەتلىرى، بەخت قارىشى، مەنىۋى تۇزۇلمىسى،

مۇناسىۋەت گارمونىيىسىگە قاراپ ئۇلار بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشى مۇمكىن. پاراۋانلىق سەۋىيىسى بىلەن مەنىۋى سەۋىيىسى تاشقى شارائىتنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئىچكى شارائىتنىڭ خۇ-نۈكلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۇپەيلىدىن؛ ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتىكى قانائەتسىزلىك، ئاچ كۆزلۈك، ھاكاۋۇرلۇق، ھەشەمەت-خورلۇق، ھەسەتخورلۇق، ھەتتا قارا نىيەتلىكلەر تۇپەيلىدىن ئۆز بەختىنى دەپسەندە قىلغۇچىلار بولىدۇ. تۇرمۇش دىئالېكتىكىسى ۋە ياشاش مەنتىقىسى يۈكسەكلىك ۋە پەسكەشلىك، نەپىسلىك ۋە قو-پاللىق، دانالىق ۋە نادانلىق، تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك، گۈ-زەللىك ۋە خۇنۈكلۈك، بەختلىك ۋە بەختسىزلىكنى كىشىلىك جەمئىيەتتىن ئەبەدىي ئېلىپ تاشلىمايدۇ. ئەنسىز يەر شارى، ئەن-سىز كىشىلىك ھاياتى مەڭگۇ ئۆز ئەنسىزلىكى بويىچە راۋاجلىنىپ ماڭىدۇ. ئۇ مەڭگۇ توختام سۇ ياكى ئەپسانىۋى جەننەتكە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، بۇ تارىخنىڭ كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە مۇناسىپ ھەر بىر سىۋىلىزاتسىيە ۋە ئىجتىمائىي بەخت قاتلىمىدا ئىلگىرىكى ھالەتتىن كەسكىن پەرقلەنگەن، سىلىقلاشقان، پاراۋان-لاشقان، مەدەنىيەتلەشكەن ھالەتتە داۋام قىلىدۇ. يۈكسەكلىك ۋە پەسكەشلىك، نەپىسلىك ۋە قوپاللىق، دانالىق ۋە نادانلىق، تراگې-دىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك، گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك، بەختلىك ۋە بەختسىزلىك ئۆلچەملىرى، مەزمۇنلىرى، شەكىللىرى، ئىپادىلىرى ئۆز دەۋرىگە خاس قاتلام ھاسىل قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

تۇرمۇش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى پاراغەتلىك چۈشەكەش، يەنە بىرى جاپالىق كۈرەش. پەقەت جاپالىق كۈرەشلا ھەقىقىي تۇر-

مۇش، تۇرمۇشنى يېڭىلايدىغان تۇرمۇشتىن ئىبارەت.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

مىللىي ئادەت ۋە يوسۇن مىللىي تۇرمۇش شەكلىدىن ئىبارەت. مىللىي تۇرمۇش شەكلى بىر تەرەپتىن، تارىخىي مۇنەۋۋەر ئەنئەنە-چىلىكنىڭ ئىپتىنىك كۆرۈنۈشى بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ كەل-گۈسىگە يۈزلىنىدىغان مىليونلىغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان ئائىلە ۋە جامائەتچىلىك مەكتىپى. ئۇ نوقۇل تارىخىي نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىللەت تارىخى ھەشەمەتچىلىك تارىخىمۇ ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇنى مىللەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە مۇھىم ئەمەلىي تېما دەپ قاراپ، ئۇ-نىڭغا پۇتكۈل مىللەتنىڭ ئاڭلىق ئېتىبارىنى قوزغىشىمىز لازىم.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

زوقلىنىش —ئۇلۇغۋار ئىنسانىي روھىيەت، ساغلام ھېس-سىياتچان ھېسداشلىق قۇۋۋانچى! مۇشۇنداق مەنىۋى مەلىكەۋە روھىي سائادەتتىن مەھرۇم بولۇش نېمىدېگەن شورى قۇرۇغانلىق ـ ھە!
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» دىن



ئۇلۇغۋارلىق شەخسنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياراتقان تارىخ-نىڭ ئىشى، ئەلۋەتتە.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» دىن

تۆگىقۇشى! پاھ، ئاجايىپ مەخلۇق: ئۇ تۇرنىدەك ئۇيۇشقاق رىشتىگە ئىگە بولمىغان تارقاق؛ بۈركۈتتەك قەيسەرلىكتىن خالىي

بولغان قورقۇاق؛ ئارسلاندەك كۆكرەك كېرىدىغان غەيۇر ئەمەس، بەلكى بىرەر مۈشكۈلگە دۈچ كەلگەندە جەزىرە ـ توقاي ئارىلاپ دوڭ-غاقلاپ قېچىپ بېشىنى قۇم بارخانلىرىغا تىقىۋالىدىغان غەلىتە مەخلۇق؛ تىنچ كۈنلەردە قانات قېقىپ مەيدە كۆرسىتىدىغان ماخ-تانچاق؛ قىياپىتى ياكى بۈركۈت، ياكى تۆگىگە ئوخشىمايدىغان هايۋاندۇر.

ئا. مۇهەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

روشەنكى، «ئۆمۈر يولى يىلان يولى!» ئۇ تۈز چىقىق ئەمەس. هەر كۈن دېيەلمىسەممۇ، هەر يىل، هېچ بولمىغاندا هەربىر مۆچەل بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن ئۆزگىرىپ بارىمىز. ئىبن سىنا سۆزىدىن پايدىلىنىپ ئېيتقاندا، ياكى ماددىي راهەت ـ پاراغەت (جۈملىدىن نام ـ شۆهرەت) نى دەپ مەنىۋى پەزىلەتنى يوقىتىپ بارىمىز؛ ياكى مەنىۋى بايلىقنى دەپ ماددىي پاراغەتتىن چەتنەپ بارىمىز. هەر هالدا ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا يوقىتىش بەدىلىگە ئېرىشىمىز. مېنىڭچە، بىر خىل تۇرمۇش خەتەرلىك. پاكلىنىش راهەت! ئۆمۈر داۋاملىق پاكلىنىشتەك بۇ ئالىي خىسلەتتىن كۆپ قېتىم بەهرىمەن قى-لىشقا پۇرسەت ئاتا قىلالىسا كاشكى...

ئا. مۇهەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن



هەقىقىي كىشىلىك پەلسەپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئەقىدىلىك كىشىلەرنىلا هازىرلاش ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى سۆزۈك بىلىشىگە ئەرك ۋە بوشلۇق كۆرسىتىشتۇر.

ئا. مۇهەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» دىن

ۋەهدەتتىن تاشقىرى هېچنەرسە يوق. بىر بولمىغاندا، تۈمەن

بولمىغان بولاتتى. بارلىق بولمىغان بولسا يوقلۇق ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك، يوقلۇق — بارلىقنىڭ كۆز ئالدىدىكى يوقلۇقى، ھىجران — ۋىسالنىڭ شۇ دەقىقىدە يوقلۇقى، ئاچلىق — توقلۇقنىڭ شۇ چاغدا يوقلۇقى، خەستەلىك — سالامەتلىكنىڭ تەندە يوقلۇقىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گاداي» دىن

چۈشەن، ھەممە تەقەززالىرىڭ تەقەززا قىلغۇچى خاسىيەتلىرى بىلەن تەقەززا بولغۇچىنىڭ يېنىدا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گاداي» دىن

تەقدىرىڭدىن زارلانما! تەقدىرىڭ ئەزەللىك لەۋھەسىدە، يۇلتۇزلار سەيلىسىدە، پېشانەڭ سەھىپىسىدە ۋە ياكى تەڭرىنىڭ رەھىم - شەپقىتى، قەھر - غەزىپى ئۇچقۇنلىرىدا ئەمەس، ئۇ، مۇھەببەت - نەپرەتكە تولغان بۇ ئالەمدە! بىلكى، ئۇ سەن يوقاتقان، سەن ئىزدەپ يۈرگەن، سەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىدە — ئىنسانىي قىممىتىڭنىڭ قىسمەتلىرىدە، قەلب دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىدە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گاداي» دىن

كۆزۈڭنى ئاچ! ئۆز مۇھىتىڭنى ۋە ئۆز قۇدرىتىڭنى بايقا!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گاداي» دىن



ئەمگەكتىن قاچتىڭمۇ، دېمەك قەلبىڭ ئاقىۋەت ئالتۇن غېمىدە خەشەك ئامبىرىغا ئايلانماي قالمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەقىل ۋە كۆڭۈل» دىن

يول، ھەرخىل! جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول بىلەن

جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ باشلانغان يېرىدە ئانچە پەرق يوق! گەپ، قەلبىڭنىڭ كۆزى ۋە ئىرادەڭنىڭ تاللاش ئىقتىدارىدا!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يول» دىن

قەھرىمان —ئۇلۇغ مەشئەلچى! توسقۇن بۆسكەن ۋە ئىنسان هاياتىغا يېڭى سەۋىيە بەخش ئەتكەن زات ئومۇمەن قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەلچى، قەھرىمان ۋە هاكىم توغرۇلۇق سۆز» دىن

ئەمما، قەھرىمانلار ئىككى خىلدۇر: ئۇنىڭ بىرى، ھېكايەتلىك قەھرىمان، يەنە بىرى، ھېكمەتدار قەھرىمان! ھومېر ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاهىي ياكى ئىنسانىي قەھرىمانلاردىن تاكى هازىرغىچە بولغان تارىخىي قەھرىمان، تراگېدىك قەھرىمان، رېئال قەھرىمانلار ھېكايەتلىك قىسمەت پەيدا قىلغان قەھرىمانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى چىنلىق ياكى ياسالمىلىق، ئىجابىيلىق ياكى سەلبىيلىك جەھەتتە يەنە ئۆزگىچە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەلچى، قەھرىمان ۋە هاكىم توغرۇلۇق سۆز» دىن

ئويلىمىغان ئادەمنى ئوي قېرىتىدۇ، لاي تۇتمىغان قولۇڭنى لاي چىرىتىدۇ.

كىشى نېمىدە بەختلىك بولۇپ پەخەس بولمىسا، دەل شۇنىڭ ئۆزىدە بەختسىزلىككە يولۇقىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

كۆزۈمگە ئالەم ساماسىغا پىرقىراۋاتقان يەر سەييارىسى

كۆرۈندى. بەخت ئىستەكلىرى ئىچىدىكى بەخت تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن بەختسىزلىك تۇمانلىرى ئارىسىدىكى بەخت تۈگۈنلىرى بېشىدا زاھىر بولغىنى: گۈزەللەر ئايىغىدىكى رەشك، شۆھرەتلەر ئىزىدىكى خۇسۇمەت، ئىجادىيەت كەينىدىكى ھەسەت، مەئىشەت ئارقىسىدىكى ئىغۋا، ھوقۇقلار يېنىدىكى قەست ـ كۈنەم.

ھەيران بولدۇم: بۇ تېخى تىنچ ـ ئىناقلىقنى، ھالاللىق ۋە ساداقەتنى مەڭگۈ ئىستەيدىغان ھەم ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان بەختمىدۇ؟

ھودۇقۇپ قالدىم: بۇ بەختنىڭ ھەر مىسقىلىدا بىر قانچە قاداقتىن بەختسىزلىكنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى ياندىشىپ تۇرىدۇ ـ يا!

ئەنە، قولىدا كۆمەچ، ئۇچىسىدا بۆز، قەلبىدە ئىنساپ، ھېچنېمىدىن ئارتۇقچە تەمەسى بولمىغان ئاددىي كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ھەر بىر مىسقال بەختسىزلىكىگە بىرقانچە قاداقتىن ئىناقلىق، ھالاللىق، ساداقەت ھېسسىياتلىرى چېچەك تاقاپ تۇرۇپتۇ.

ئالەمنىڭ نىسبەتلىكىگە ۋە ئەكسەرىيەتلىكىگە ئەجەبلىنىمەن...

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

بەختۇ ئامەت داستىخىنى ئالدىدا ئارقىغا قاراپ خورسىنىمىغان قەلب قارا قەلب.

جاپا ـ مۇشەققەت داۋىنىدا ئالدىغا قاراپ جاسارەتلەنمىگەن يۈرەك ساتقۇن يۈرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

بەخت ـ سائادەت ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان ئومۇمىي ئىستەك. بەخت ـ سائادەت چۈشەنچىسىمۇ كۆپ قاتلاملىق، ھەرخىل

چۈشەنچە، شۇنىسى روشەنكى، بەخت ـ سائادەت ئىجتىمائىي نەرسە، جەمئىيەتتە بەخت ـ سائادەت بەرقارار بولماي تۇرۇپ، ئائىلىدە ئۇنىڭ هالاللىقى، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى، خاتىرجەملىكى، ئىنچىللىقى، مەدەنىيلىكى ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

بەخت —كامالەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش تىپىدىن ئىبارەت. ئۇ، ھەرگىزمۇ بىر پۇتلۇق ئالتۇن قوزۇق ئەمەس.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى» دىن

بەخت ھەرقانداق ئادەم تەلپۈنىدىغان مەقسەت بولۇپ، ئۇ چەك-سىز كامالەتتىن ئىبارەتتۇر.
ئەبۇ نەسر فارابى

بەخت —ياخشىلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ زور ياخشىلىق ۋە ھەممە نەرسە ئىچىدىكى ئادەم ئەڭ تەلپۈنىدىغان، ئەڭ كامالەتلىك مەقسەت ئىكەنلىكى روشەن.
ئەبۇ نەسر فارابى

ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان ۋە يامانلارنىڭ يامان ئىشلىرىدىن ساقلانغان كىشى سائادەتمەن كىشىدۇر.
موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى



ئەڭ ئۇلۇغ ۋە تولۇق بەخت ـ سائادەت بارلىق ھالاۋەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدۇر. بەدەندىكى كېسەللىك، كەمبەغەللىك، ھۇزۇر ـ ھا-لاۋەتنىڭ يوقلۇقى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە يېرىلىشىنىڭ

مۇمكىن بولماسلىقى ۋە شان ـ شەرەپنىڭ يوقلۇقى بەختسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

ھەرىكەتلەر قانچىكى كۆپ ۋە پات ـ پات ئورۇنلىنىپ تۇرسا، ھەم بۇ ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە ئادەم قانچىكى كۆپ ئەجىر سىڭدۇرسە، بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن يارىتىلغان روھىنى بۇ ئىش ـ ھەرىكەتلەر شۇنچە كۈچلۈكرەك، پەزىلەتلىكرەك ۋە مۇكەممەلرەك قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ بولسا، تېخىمۇ تاكامۇللاشقانسېرى ماددىغا موھتاج بولمايدىغان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن خالىي بولىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

ھالاۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەلىيەتتە شۇنداقكى، ئۇ خالاش ۋە ئىختىيارى تاللاش بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

سىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭ چەتكە چىقماسلىق بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ، سەپەر قىلغىن. سۇ ئۆزۈن تۇرۇش بىلەن سېسىقلىققا ئايلىنىدۇ، ئاي كىچىكلىكتىن ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ تولۇقلىنىپ، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئايلىنىدۇ. سەپەر قىل، چۈنكى ئارزۇ ـ ئىستەكلەر سەپەردە قولغا كېلىدۇ. توختاق سۇنىڭ قېشىدا تۇرۇۋەرمەي سۈزۈك سۇ ئىزدە.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

سەپەردە بەش خىل پايدا باردۇر: بىرىنچى، غەم ۋە خاپىلىق كېتىدۇ، ئىككىنچى، تىرىكچىلىك سەرمايىسى ھاسىل بولىدۇ، ئۈچىنچى، بىلىم ئۆگىنىدۇ، تۆتىنچى، ئەدەپ ۋە ئەخلاق ئۆگىنىدۇ.

بەشىنچى، ئۇلۇغلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرە ئالىدۇ. بىراق، سەپەردە ھارغىنلىق، تەنھالىق، باياۋان كەزمەكلىك ۋە قاتتىقچىلىقلارنى كۆرمەكلىكتەك جاپا ـ مۇشەققەت بولسىمۇ، ئەمما، چىقىمچى ۋە ھەسەتخورلارنىڭ ئارىسىدا تىرىك يۈرۈشتىن مىڭ ياخشىراقتۇر.
موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

سەپەر قىلساڭ، سەپەردە بىرەر ياخشى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى مەقسەت قىل ... ئاتا ـ ئانا ۋە ئەربابلاردىن رۇخسەت ئال، كىشىلەرنىڭ ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، ئاندىن سەپەرگە ئاتلان ... يولدا ئاجىز ـ ناتونۇش كىشىلەر ھەمراھ بولسا، قۇدرىتىڭنىڭ بارىچە ئۇلارنى يولدا قويۇپ كەتمە، ئۇلارغا مەدەتكارلىق قىلىپ، كارۋانغا يەتكۈز.
موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

ئادەم تۇرمۇش پرىنسىپىغا گويا ھەممە ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئىجتىمائىي مىزانغا ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىشى لازىم. ناۋادا سەن جەمئىيەتتىكى بەزى مىزان ـ پرىنسىپلارغا سەل قارىساڭ، پۈتۈن ئۆمرۈڭنى نابۇت قىلىسەن؛ تۇرمۇش مىزانىغا كۆزۈڭنى يۇمساڭ، ئۆمرۈڭ مەنىسىز ئۆتىدۇ، تۇرمۇش يولۇڭ بارغانسېرى تارىيىپ كېتىدۇ.
لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن



نۇرغۇن كىشىلەر كۆل سۇيىدەك تىنچ تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق مەن كىشىلىك ھاياتىمنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق ۋە دولقۇنلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. دېمەك، مەن خەۋپ ـ خەتەرگە تولغان تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىجائىتىگە باھا بېرىشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەۋەككۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارايمەن. تەۋەككۇل قىلىش ساڭا كىچىككىنە ئۈمىد بېغىشلىغان پۇرسەتنى، ئۇنىڭ تۇرمۇشۇڭ، خاراكتېرىڭ ياكى كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭنى ئۆزگەرتىش ياكى ئۆزگەرتەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر جۇرئەت بىلەن چىڭ تۇتۇشىڭنى كۆرسىتىدۇ. ياشاشنىڭ ئۆزى تەۋەككۇلچىلىك، ئۇنداق بولمىغىنىدا، ھېچكىم ئۆيدىن چىقمىشقا، توي قىلىپ بالا تېپىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا جۇرئەت قىلالمىغان بولاتتى. دۇرۇس، تەۋەككۇل قىلىش ھەرگىزمۇ جېنىنى سېلىپ بېرىدىغان ياكى ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدا خىزمەت ئالماشتۇرۇش، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بىرەر سىرلىق دۆلەتكە بېرىپ ساياھەت قىلىش قاتارلىق، ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان، ئاز - تولا خەۋپ - خەتىرى بار ئىشلارنى قىلىشقا بولىدۇ. بۇلار گەرچە ئالەمنى لەرزىگە سالغۇدەك ئىشلاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سىزنىڭ پەزىلىتىڭنى تاۋلىيالايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

مۇبادا سەن تىنچ تۇرمۇشقا كۆنۈپ قېلىپ، ئاز - تولا خەۋپ - خەتىرى بار ئىشلارنى قىلىپ بېقىشنى قەتئىي خالىمىساڭ، پەقەت جان بېقىش كويىدىلا جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىپ قالىسەن. بۇنىڭ بىلەن مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ھاياتلىق دولقۇنلىرى سېنى ھەرقانداق ۋاقىتتا غەرق قىلىۋېتەلەيدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەرقانداق ھالقىسىدا ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋپ - خەتەر بولىدۇ. مەسىلەن، خىزمەت، نىكاھ، سالامەتلىك

قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق. خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ھەممىسىلا سېنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىپ قويمايدۇ. بەلكى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ ئايرىلىقىدا سىنايدۇ. بۇ سىناقنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى پەقەت ئۆزۈڭ تاللايسەن. ھا۔ ياتنىڭ قىزىقى دەل شۇنىڭدا.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

بىر ئادەمنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتى ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز ھاياتىغا سىڭگەن ئەڭ ئۇلۇغۋار ۋە ئەڭ ئېسىل نەر۔ سىلەرنى قېزىپ چىقىپ، تەبىئىي تالانتىنى تولۇق ئىشقا سې۔ لىشتىن بۇرۇن بەختلىك بولالمايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

كۆپ ھاللاردا باشقىلارنى بەختلىك ھېس قىلىمىز، بىراق ئاشۇ بەختلىك كۆرۈنگەنلەرنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا قىيىنچىلىقى ۋە دەرد ـ ئەلىمى بولىدۇ.

ئۆزىڭىزدە بار بولغاننى قەدىرلەڭ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈ۔ رۈڭ، شۇندىلا خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولالايسىز.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپۋى مەسەللەر» دىن



تەلەي پۇرستى گويا سامانيولىغا ئوخشايدۇ، ئۇ يەككە ـ يېگانە تۇرغاندا كۆزگە ئانچە چېلىقمايدۇ، لېكىن پۈتۈن گەۋدە بويىچە تۇرغاندا پارلاق نۇر چاچىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئەگەر كىشىدە نۇرغۇن ئېسىل تەبىئىي خىسلەتلەر بولسا، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇنىڭغا چوقۇم تەلەي قۇشى قونۇشى مۇمكىن.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

www.uyghurkitap.com

كۆتۈلمىگەن يەردىن كەلگەن تەلەي كىشىنى شاللاق ۋە ھاكاۋۇر قىلىپ قويىدۇ. جاپا ئارقىلىق كەلگەن تەلەيلا كىشىنى ئۇلۇغۋار كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىقىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

كىشىلەر تەلەيىنىڭ ئىشەنچ ۋە شۆھرەت دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قىزىنى دەپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ قىزلارنى تەلەي ياراتقان. ئىشەنچ كىشىنىڭ ئۆز كۆڭلىدە، شۆھرەت باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە ھاسىل بولىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ھاياتىمىزنىڭ مەنىلىك بولۇش ـ بولماسلىقى باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزغا، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، چوڭلارنى قەدىرلەش ـ قەدىرلىيەلمەسلىكىمىز، دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىش ـ يەتمەسلىكىمىز ۋە ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەرگە كەڭ قورساق بولۇش ـ بولالماسلىقىمىزغا باغلىق.

ئوگ. ماندىنو: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس» تىن

ئىنسانىيەت تىرىشچانلىقىنىڭ بارچە ئۇلۇغ نىشانى بەختتۇر.

خۇمې

بەخت —گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ياخشى بەلگىسى.

ئارىستوتېل

ئادەم ئۆز بەختىنىڭ ئۇستىسى.

سۇرېئو

مەيلى قەيەردە بولسۇن، ئۆز بەختىنى ئۆزى يارىتىشقا، ئۆزى ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

گولسمى

بەخت روھ بىلەن ئەخلاقنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئەمەلىي پائالىيەت.

ئارىستوتېل

ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت كىشىلىك ھاياتتىكى ھەقىقىي بەخت.

ئەپلاتون

ئىچ مىجەزلىك، كەڭ قورساقلىق ۋە شەخسىيەتسىزلىك بەختنىڭ ئۈچ چوڭ ئامىلى.

ماتتېۋ ئارنولد

ئاددىي ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاددىيلىقنىڭ ئۆزى بەخت.

نېتزى

ئادەم ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ مەنىسىنى تېپىش بەختتۇر.

يۇرىي بونداريېف

ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىش بەختتۇر.

ئېمېرسون

ياخشى ئىش قىلىشنىڭ خۇشاللىقى يەنىلا كىشىلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرىسى

ھاياتنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك بەخت.

لېۋ تولستوي

ئەڭ كۆپ سانلىق ئادەملەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئەڭ زور بەخت.

ئېكېدا دايساكۇ

پەقەت ئۆز بەختى ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈنمۇ كۈچ چىقارغان ئادەم ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدۇ.

ئىكېدا دايساكۇ

ھەممىدە ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ياشاي-دىغان كىشىلەر ھەرگىز بەختلىك بولالمايدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ياشاشتا، ئالدى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن ياشاش كېرەك.

سېنېكا

بەخت كۆڭۈلدىكى مۇلايىملىق ۋە رازىمەنلىك ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

شوپېنگائۇئېر

قانائەتسىز ئادەم دۇنيانىڭ خوجىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلمايدۇ.

ئېپىكوۋروس

پۇل بەختكە باراۋەر ئەمەس، بەخت مۇنارىنى پۇل بىلەن تىك-لىگىلى بولمايدۇ، كىشىلىك ھاياتنىكى ھەقىقىي بەخت ۋە خۇ-شاللىق ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتىدىن كېلىدۇ.

مۇنىر ناسۇف

بەخت پەقەت بايلىق ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماسلىقى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى بولۇشى كېرەك.

ئاكۇيناس

ئوچۇق - يورۇق، كەڭ قورساق بولغاندىلا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئىچى تارلىق، بېخىللىق ئادەمنى ئاخىرى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا ئېلىپ بارىدۇ.

رۇداككى

ئەڭ زور بەخت كەمچىلىكلىرىمىزنى تولۇقلاپ، خاتالىقلىرىمىزنى تۈزىتىشتە.

گيوتى

تەقىقات ھەۋىسى بار ئادەم بەختلىك! تەتقىقات ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىنى بەتنىيەتلىكتىن ۋە شۆھرەتپەرەسلىكتىن قۇتۇلدۇرالىغان ئادەم تېخىمۇ بەختلىك.

لامېتتريې

بىزگە ئەڭ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىش بىلەن ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشكەن تۇرمۇش ئەڭ بەختلىك.



جونسون

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تۇرمۇش جەريانىدا ئازابلارغا چىداشنى ئۆگىنىۋالغان، ئازاب ئالدىدا ئېگىلمەيدىغان ئادەملەرلا بەختلىك.

يۇۋېنالىس

www.uyghurkitap.com

بەخت باشقىلارغا ئازراق بولسىمۇ ئازاب كەلتۈرۈشتە ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ خۇشاللىق ۋە بەختىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

لېف تولستوي

باشقىلارنىڭ ئازابى ئۈستىگە قۇرۇلغان بەخت ھەقىقىي بەخت ئەمەس.

ئا. بايايېۋا

بەختنى باشقىلار بىلەن قانچە ئورتاقلاشسا، قىممىتى شۇنچە ئاشىدۇ.

موردىمۇراسېيچى

پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ زور بەختى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش روھى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بۇلۋېر لىتتون

قەيسەر ئادەملەر ھەممىدىن ئاغرىنىپ، قىيىنچىلىقلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىپ، بەختنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى قىيىنچىلىقلارنى ئاكتىپلىق بىلەن يېڭىپ، بەختنى قوغلىشىدۇ ۋە يارىتىدۇ.

ۋېي چيۇك

گۈزەل شەيئىلەرگە بولغان ئاڭلىق ئىنتىلىش ئىچىدىلا ھەقىقىي بەخت بولىدۇ.

گوركىي

ئىنسانلار بەختىنىڭ ئىككى چوڭ دۈشمىنى ئازاب ۋە مەنە-
سىزلىك.

شوپېنگائۇئېر

بەختىنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى ئارتۇقچە بەختنى كۈتۈشتۇر.

فونتېنېللي

ئادەم بەختكە ئېرىشكەندە ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئاپەت
ۋە ئازابنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

چاۋتسېر

بەخت ئىچىدىمۇ كۆڭۈلسىزلىك بولىدۇ، قىيىن ئەھۋال ئى-
چىدىمۇ ئۈمىد بولىدۇ.

باكون

ئامەت توپقا ئوخشاش يۇمىلاق بولىدۇ، شۇڭا تەبىئىيكى، ئۇ
دائىم ئەڭ ئاق كۆڭۈل، ئەڭ ئىپسىلزادە ئادەملەرنىڭ بېشىغا چۈشۈ-
ۋەرمەيدۇ.

بېتخوۋېن

كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا خالىغانچە پايدىلىنىدىغان ئامەت
نېسىپ بولمايدۇ.



يېتز

ئامەت ـ تەلەي بىزدىكى ئەقىل ـ ئىدراك ئۆزگەرتەلمىگەن بە-
زى كەمچىلىكلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

لاروشفېك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەن ئامەتنى كۈتۈۋاتقىنىڭدا، ئۇنى قانداق ئىگىلەشنى بىلمە ۋالسەن، مانا بۇ بىر خىل مۇھىم ماھارەت.

گراسيئان

بەخت ـ تەلەيگە ئادەم ھەۋەسلىنىدۇ، لېكىن بالايىئاپەتنى يەڭگەنگە ئادەم تېخىمۇ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

سېنېكا

ئامەت كۆپ ھاللاردا باشقۇرغىلى بولمايدىغان كېمىدە بولۇپ قالىدۇ.

شېكىسپىر

ئاقىللارنىڭ ئازراقلا تەلىيى كەلسە، ئەقىل ـ ئىدراكى ئۇنىڭغا زور بەخت ئاتا قىلىدۇ.

ئېپىكورۇس

بەختسىزلەرنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن، بەختسىزلىك ئىچىگە بىر ئامەت ئىشىكى ئېچىلغان بولىدۇ.

سېرۋانتېس

ئاجىزلار تەقدىرگە ئىشىنىدۇ، ئىرادىلىك كىشىلەر سەۋەبىيەتكە ئىشىنىدۇ.



ئېمېرسون

تەلەي سىناپ كۆن ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەر بىر ۋاخ تامىقىنىمۇ تېپىپ يېيەلمەيدۇ.

فرانكلىن

بەخت ـ تەلەيدىن بېشى ئاسمانغا يەتكەن ئادەم، ئوخشاشلا تەق-دىرنىڭ يازمىشىدىن يەر بىلەن يەر يەكسان بولۇشى مۇمكىن.
ئېۋرىپىدېس

بەخت دائىم شېرىن ئازابلار ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.
چاۋتسېر

ئامەت ـ تەلەيىنىڭ پۇرسىتى سامانيولىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاي-رىم تۇرغاندا كۆزگە چېلىقمايدۇ، بىر گەۋدىگە ئايلانغاندا كۆزلەرنى چاقنىتىدۇ.
باكون

ياش چوكان قېرى ئېرىنى قۇچاقلاشنى خالىمىغاندەك، بەخت ئىلاھەسىمۇ تۇتامى يوق، ھۇرۇن، تەقدىرگە ئىشىنىدىغان بولۇم-سىزلارنى قۇچاقلىمايدۇ.
«خەمسەنامە»

بىر ئادەم ئەگەر ئاددىي بولسىمۇ نۇرغۇن ياخشى خىسلەتلەرنى ھازىرلىسا، بۇلار ئاخىرىدا ئامەت ئېلىپ كېلىدىغان پۇرسەتكە ئاي-لىنىشى مۇمكىن.
باكون



تىرىشچانلىق ئامەتنىڭ ئوڭ قولى، ئىقتىسادچانلىق ئامەتنىڭ سول قولى.
ت. فۇللېر

پارلاپ تۇرغان تاشقى قابىلىيەت پەقەت باشقىلارنىڭ ھەۋسىنى

قوزغايدۇ، ئىچىگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان قابىلىيەت بولسا ئادەمگە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ.

باكون

ھېچنېمىگە ئىنتىلمەيدىغان كىشىلەر تەلەيلىك، چۈنكى ئۇلار مەڭگۈ ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ.

پوپې

بەزىدە بىر ئادەمنىڭ نادانلىقى يەنە بىر ئادەمگە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، بىر تەرەپنىڭ خاتالىقى يەنە بىر تەرەپكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

باكون

بىز ئۆزىمىزنىڭ بەختىگە خوجايىن بولۇشىمىز كېرەك، بولمىسا ئۇ بىزگە خوجايىن بولىدۇ.

پۇبلىلىئۇس سىرۇس

بىلىشىمىز كېرەككى، ئادەم تەلەي سىناپ ئولتۇرمىسىلا، بەخت ـ تەلەينىڭ خوجايىنى بولالايدۇ؛ بەخت ـ تەلەي قورقۇنچاقلاردىن باشقىلارنى بوزەك قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

چاۋتسېر



بەخت ـ ئامەتنى بايقىساڭلا، ئۇنىڭ ئۇچۇن جان تىكىپ كۆرەش قىل، چۈنكى ئامەت ئايال كىشىگە ئوخشاش باتۇرلار ۋە ياشلارغا ئامراق كېلىدۇ.

گراسىئان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەستە كەلگەن تەلەيىنى چىڭ تۇتۇش ـ تۇتالماسلىق پۇتۇنلەي ئۆزۈڭگە باغلىق.

ئونېئىل

ئامەت كەلگەن ۋاقىت يىغىم مەزگىلىگە ئوخشايدۇ، زىرائەت پىشقاندا ئۇنى تېزدىن يىغىۋېلىش كېرەك.

گيوتى

ئادەم بەخت ـ ئامەتنى تۇتۇۋېلىپ مەڭگۈلۈك ساقلاپ قالالمايدۇ.

ئېۋرىپىدىس

بەخت ـ تەلەيىنى قولدىن كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن تونۇيمىز.

سىرۋانتېس

تاسادىپىي كەلگەن ئامەت ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ تەلۋە-لەشتۇرىدۇ، تەستە كەلگەن ئامەت ئادەمنى ئۇلۇغ تالانت ئىگىسىگە ئايلاندۇرىدۇ.



باكون

ئامەتلىك كىشىلەر ئۆز خاتالىقىنى كەمدىن ـ كەم تونۇيدۇ، بەخت ـ تەلەي ئۇلارنىڭ خاتالىقىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلاندۇرۇپ بەرگەندە، ئۇلار دائىم ئىشلىرىنى يوللۇق دەپ قارايدۇ.

لاروشفېك

ئەگەر سەن بەك ئامەتلىك بولۇپ كەتسەڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تونۇمايسەن. ئەگەر ئامىتىڭ قاچسا، باشقىلار سېنى تونۇمايدۇ.

ت. فۇللېر

ئامەت كەلگەندە ئۆزىنى بىلمەي قالغان ئادەم، ئامەت قاچقاندا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

بون

ھەقىقىي بەخت ـ تەلەي بەھرە ئېلىشقا مۇناسىپ ئادەملەرنى كۈتىدۇ.

ستاتىئۇس

دۇنيادا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر خىل ئامەت بار، ئۇ كەلسە چاقماق چۈشكەندەك پۈتۈن نەرسىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

بالزاك

ئەگەر زور بەخت ـ تەلەينىڭ كەينىدە بىر سايە ئەگىپ يۈرگەن بولىدۇ، بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان «ئالىمادىس» دېگەن سۆزدۇر.



مىكزات كالمان

ھايات يولى تۈز بولمايدۇ، ئەڭ بەختلىك ئادەم ئەڭ بەختسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئارىستوتېل

بەختسىزلىك تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان خەزىنە.

بالزاك

تەبىئەتتىن ھالقىغان مۆجىزە كۆپ ھاللاردا بەختسىزلىكنى يېڭىشتىن كېلىدۇ.

باكون

بەختسىزلىك ئىچىگە ياخشىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى يو-شۇرۇنغان بولىدۇ.

ئېۋرىپىدېس

بەختسىزلىك بەزىدە مۇۋەپپەقىيەتكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، بەخت بەزىدە مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

«ئىنجىل»

بەختسىزلىك كۆپ ھاللاردا تالانتنى ئۇرغۇتىدۇ.

ئوۋىد

بەخت رەزىللىكنى ئەڭ بايقىۋالايدۇ؛ بەختسىزلىك گۈزەل ئەخلاقنى ئەڭ بايقىۋالايدۇ.

باكون



ئادەمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى تاۋلاشتا بەختسىزلىكنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق.

شېكىسپېر

بەختسىزلىك ئادەمنى ئويلاپ يەتمىگەن مۇمكىنچىلىكىگە بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئادەمگە تۇرمۇشنى تونۇتىدۇ.

خېئنرىچ مان

ئېنىقكى، مۇشكۇللۇك ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى، لېكىن بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ھەققى بەك يۇقىرى، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنىڭدىن ئالغان ساۋىقى كۆپ ھاللاردا تاپشۇرغان ھەققىگە يەتمەيدۇ.

روسسو

بەختكە كېرەك بولغان گۈزەل ئەخلاق ئىقتىسادچانلىق، بەختسىزلىككە كېرەك بولغان گۈزەل ئەخلاق چىدام، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىنمۇ بەكرەك قىممەتلىك.

باكون

مۇشكۇللۇككە ئۇچرىغاندا قەتئىي تەۋرەنمەسلىك، بۇ ئادەمنى ھەقىقىي قايىل قىلىدىغان ئالاھىدە تەرەپتۇر.

ئامەت ـ تەلەيگە ئالدانمىغان ئادەم بەختسىزلىك ئالدىدا ھەرگىز يىقىلىپ قالمايدۇ.

بىنجامىن جونسون



ئەڭ بالدۇر باشقا كەلگەن، ئادەملەرگە ئەڭ تونۇش بولغان بەختسىزلىك، ئەڭ يېڭى، كىشىلەر بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بەختسىزلىككە قارىغاندا كۆپ يېنىك توختايدۇ.

مونتايني

تەقدىر ئادەمگە بىرلا قېتىم بەختسىزلىك كەلتۈرۈش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ.

باكون

تېخىمۇ چوڭ بەختسىزلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆز ئالدىدىكى بەختسىزلىككە سەۋر قىلىش كېرەك.

فېدرۇس

ھەربىر ئادەمدە باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇدەك يېتەرلىك جاسارەت بولىدۇ.

فرانكلىن

ئەزەلدىن بەختسىزلىككە ئۇچراپ باقمىغان ئادەمدىنمۇ بەختسىز ئادەم بولمىسا كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئۆز ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىش پۇرسىتى بولمىغان.

سېنېكا

ئەڭ بەختسىز ئىشلارغا نىسبەتەن، ۋاقىت ئەڭ ئۇلۇغ دوختۇر، ئۇ ئادەملەرنىڭ جاراھەتلىرىنى داۋالىيالايدۇ.

سېرۋانتېس

بەختسىزلىك ئادەمنىڭ ھەقىقىي سىناق تېشى.

بېئاۋمونت

بالايىئاپەت ئىنسانلارغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان ھەمراھ.

شېكىسپېر

ئاپەت سەن ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندا پەيدا بولىدۇ.

تېرېنتا تۇراختو

باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن ساۋاق ئالغان ئادەم تەلەيلىكتۇر.

چىلاس

ئادەمنىڭ بەختسىزلىكى كۆپىنچە ئۇنىڭغا ساۋاق بولۇپ قالىدۇ.

ئىزوپ

ئاقىللارنىڭ بەختسىزلىكى نادانلارنىڭ بەختىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئېپىكورۇس

ئامەت ۋە ئاپەتنىڭ باقمەندە ئەمەسلىكىنى بىلسەڭ، ۋاقىتلىق بەختىڭدىن خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويما.

ئىزوپ

ئادەم خاتىرجەم شارائىتتا خەۋپ ـ خەتەرنىمۇ ئويلاپ قويمىسا، قورقۇنچلۇق ئاپەتكە دۇچار بولىدۇ.

بويېتىنئۇس

ھەر ئادەمنىڭ بەختسىزلىكى ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولىدۇ.

ماۋرىئاك



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپەت بىلەن ئامەتنىڭ قوشكېزەك بولۇپ تۇرۇشى ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان ھەم ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئەھۋال.

چارېس رېئىد

ئىنسانلار تەبىئىي ھالدا ھاياتلىققا ئىنتىلىدۇ، خۇشاللىق ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر يولى.

ۋاڭ تۇڭجاۋ

خۇشاللىق ئىزدەش دۇنيا قارىشى تەبىئىي دۇنيا قاراش، ھەقىقىي دۇنيا قاراش.

لى داجاۋ

ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇ دۇنيادىمۇ خۇشاللىقنىڭ قۇدرىتى يەنىلا شۇنداق زور.

ستېندال

ئادەمنىڭ قابىلىيىتى تۇرمۇشىغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلىشىدە، تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى رەڭدار نۇرلار بىلەن يورۇتالىشىدا.

ئىبانېز



ھەممىلا خۇشاللىق ئەمەس، بەلكى ھەقىقانىي، ئالىيجاناب خۇشاللىقلا ئادەمنى بەختكە چۆمدۈرىدۇ.

توماس مور

خۇشاللىق ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار قوغلىشىدىغان ئورتاق

www.uyghurkitap.com

نەرسە، شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئەڭ ئەزگۇ ئىش.

ئارىستوتېل

خۇشاللىق گۈزەل ئەخلاقتا ھەمراھ بولسۇن.

ۋالدېس

باشقىلارغا ھەۋەس قىلماسلىق — بۇ مەن بىلىدىغان بىر-دىنبىر خۇشاللىق ۋە خۇشاللىقنى ساقلايدىغان ئۇسۇل.

بايرون

خۇشاللىقلا ئىزدەيدىغان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ.

خابوردي

خۇشاللىق بىلەن ئازاب پايدا بىلەن زىياننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەكنى بەلگىلەيدۇ.

دېموكرىت

ھېسسىيات ئىگىلىرى ئۇچۇن كۆز ئالدىدىكى خۇشاللىق غۇۋا بولغان كەلگۈسى گۈزەل مەنزىرىدىنمۇ بەكرەك جەلپكار بولىدۇ.

جون درايدېن

ئۆزۈڭنى خۇشال تۇتساڭ، ئىشلىرىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، ئۆزۈڭ تېخىمۇ ساغلام بولۇپ، باشقىلارغا تېخىمۇ مېھرىبان بولالايسەن.

ماكسۋېل مالتز

خۇشاللىق ئادەمنى ياشارتىدۇ، بىردەملىك كۈلكىمۇ ساڭا جاسارەت بېغىشلايدۇ.

كېلەن

ئادەمنىڭ خاپىلىقلىرىنى شامالدەك تارقىتىۋېتىدىغان نەرسە دېڭىز ئەمەس، بەلكى قۇرۇقلۇقتىكى كىشىلەر ئۆزى ياراتقان تۇر-مۇش ۋە ئەمگەكتىكى خۇشاللىقتۇر.

خې چىفاڭ

چىن خۇشاللىق ھەقىقىي ئۇنۇملۇك دورا.

ياڭ شيەنجياڭ

خۇشاللىق ئەسلىدىنلا قوش بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ئادەم باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.

بايرون

ئەڭ ئەھمىيەتلىك خۇشاللىق باشقىلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشتىن ئارتۇق بولمايدۇ.

لابريويېر



باشقىلاردىن خۇشاللىققا ئېرىشمەن دەيدىكەنسەن، ئاۋۋال ئۆ-زۈڭ باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىشىڭ كېرەك.

نومسېن

ئادەملەر ئۆزى خۇشال ئەمەس چاغدا باشقىلارغىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلالمايدۇ.

جونسون

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

خۇشاللىق بولسۇن، ئاق كۆڭۈللۈك بولسۇن، قانچىلىك كۆپ تەقدىم قىلساڭ، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۆپ ئېرىشەلەيسەن.

ئېمېرسون

خۇشاللىققا بولغان ئىنتىلىش مۇۋاپىق، ئاز بولۇشى، بولۇپمۇ ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن زىت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

ئارىستوتېل

ھەممە تەرەپتىن خۇشاللىق ئىزدەۋەرمەي، پەقەت ئالىيجاناب خۇشاللىقنىلا ئىزدەش كېرەك.

دېموكرىت

خۇشاللىق جاپالىق ئىشلاردىن كېلىدۇ، ئەمگەك ۋە كۈرەشتىن كەلگەن خۇشاللىقلا ھەقىقىي خۇشاللىقتۇر.

شي جۆزەي

ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى باشقىلارنىڭ ئازابى ئۈستىگە قۇرغان ئادەمنىڭ بەختلىك بولالىشىغا مەڭگۈ ئىشەنمە.

سېنېكا

ھەقىقىي تۇرمۇش خۇشاللىق ئىزدەشتە ئەمەس، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئازابتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتىمۇ ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئاددىي ھالەتنى ساقلاشتا.

ئەپلاتون

ھايات ئازاب ئۈستىگە قۇرۇلغان، پۈتكۈل تۇرمۇشقا ئازاب

سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

رومىن روللان

ئۇزۇن ئۆمرىنى ئازابسىز ئۆتكۈزۈش ئىلاھتىن باشقا كىمنىڭ قولىدىن كەلسۇن.

ئېسكۇروس

ئازاب تولۇق قانائەتلىنىشتىن ئازراق قانائەتلىنىشكە ئۆتۈش جەريانىدۇر.

سپىنوزا

ئازابنىڭ ئەسلي ماھىيىتى يېتىشمەسلىك، نامراتلىق ۋە تۇرمۇشنى قامداشقا بولغان ئەندىشىدىن ئىبارەتتۇر.

شوپېنگائۇئېر

ئازاب مەلۇم نەرسىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ نەرسىلەرگە بولغان ئېھتىياجدىن پەيدا بولىدۇ.

روسسو

بىز بېشىمىزغا كەلگەن ئازابلارغا قانداقتۇر سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالىمىز، ئەمەلىيەتتە بىزگە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغىنى مەنپەئەت ۋە شۆھرەتپەرەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

لاروشفېك

ھەر قانداق ئادەم ئازابنى دائىم ئويلىمىسا، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ تۇرۇۋالمىسىلا، قانداقتۇر ئازاب ھېس قىلمايدۇ.

روسسو

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن ئازابلارنى ئۆزۈڭ تاللىۋالغانسەن.

جىبران

روھىي ئازاب بىلىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بارىدۇ.

شوپېنگائۇئېر

ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئېغىر ئازاب ئادەم ئېسىنى يىغقاندىن كېيىن قانداق يولدا مېڭىشنى بىلەلمەسلىك.

لۇشۈن

ئازابلىرىنى، خۇشاللىقلىرىنى باشقىلارغا ئېيتالماسلىق ئادەم ئۇچۇن ئەڭ ئازابلىق ئىشتۇر.

ۋۇ بوشياۋ

ئازابلىنىپ باقمىغان ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئازابىنى چۈشىنىشى تەس.

جونسون

ئىنسانلارنىڭ ئازابى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە مۇقەررەر كەينىگە قايتىدۇ. ئادەم يا ئازابتىن ئۆلىدۇ، يا ئازابقا كۆنۈپ قالىدۇ.

رومىن روللان

ئۆزىنىڭ ئازابقا دۇچار بولۇشىدىن قورققان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۆزى قورقۇۋاتقان ئىشتىن ئازابلىنىۋاتقان بولىدۇ.

مونتايني

ئالىيجاناب ئادەملەر ئازاب ئالدىدا زارلانمايدۇ.

شىللېر

ئادەملەرنى ھەقىقىي غەزەپلەندۈرىدىغىنى، ئازابنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئەھمىيەتسىز ئازابلىنىشتۇر.

نېتزى

ئازاب بىزنى بويسۇندۇرۇۋالمىسىلا، ئۇ يامان نەرسە ئەمەس.

كىنگسلېي

ھەقىقىي قابىلىيەت ئىگىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئازاب بىر خىل قىممەتلىك قوزغاتقۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

رۇسسېل

ئازاب ئاگاھلاندۇرۇغۇچىدۇر، مىجەز ـ خاراكتېرنى يېتىلدۇرۇشتە، ئۇ خۇشاللىقتىنمۇ ئۇنۇملۇك.

فرانك تىللى

مېنىڭ ئازاب ئىچىدىن ئۆگىنىۋالغان بىردىنبىر نەرسەم شۇ بولدىكى، ئازابنىڭ نەقەدەر ئادەتتىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

ئېمېرسون

قىيىنچىلىق تالانت ئىگىلىرى ئۈچۈن شوتا، ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئۈچۈن بايلىق، ئاجىزلار ئۈچۈن تېگى يوق ھاڭ.

بالزاك

www.uyghurkitap.com

ئازاب ئەسلىدىنلا خۇشاللىق بىلەن قېرىنداش.

ئىزوپ

ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى ئازاب ئارقىلىق خۇشاللىققا ئېرىشكەن.

خۇچ

ئېغىر ئازاب روھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىجاتكارى، مۇشۇنداق ئازابلا بىزنى قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىتالايدۇ.

نىتزى

ئېغىر ئازابتىن ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇش خەتەرلىك؛ ئۇ ئادەمنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرىدۇ، ھەتتا باشقىدىن باش كۆتۈرۈش ئۈمىدىنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ.

ئامئېل

ئادەمنىڭ جاسارىتى بارلىق ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، ئادەمنىڭ سەۋرچانلىقى كۆپ قىسىم ئازابنى يېڭەلەيدۇ.

جونسون

ئات بېشىغا كۈن كەلسە،
يۈگەن بىلەن سۇ ئىچەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەر بېشىغا كۈن كەلسە،
ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچلىقنىڭ تېگىدە ھېكمەت بار،
توقلۇقنىڭ تېگىدە غەپلەت (بار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئادەمدىن ئامەت قاچسا،
ئاق يەردە تۆلكە كۆرۈنۈپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق،
ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەر باغرىدا مىڭ ئۆچكە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بەخت قۇش ئەمەس، ئۇچۇپ كەلمەيدۇ،
ھايات سۇ ئەمەس، ئېقىپ كەلمەيدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بەخت تىلەكتە ئەمەس، بىلەكتە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۇ دۆلەت سەندە تۇرماس،
بۇ مەينەت مەندە (تۇرماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىتەلەي تۆگە مىنسە پۇتىنى ئىت چىشلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

تەر تۆكۈپ تاپقان بىر مىسقال تىللا،
باشقىلار بەرگەن مىڭ تىللادىن ئەلا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

تەلىيى يوقنىڭ تاغىرىغا بۇغداي قويسا، تېرىق چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

تولغاق ئاغرىقى كۆڭۈلدە تۇرماس،
كۆڭۈلدە تۇرسا قايتا تۇغماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

جاپا چەكسەڭ ھاللىنىسەن،
جاپادىن قورقساڭ خارلىنىسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

جان ھەلقۇمغا يەتكەندە قەرزنى قىستاپتۇ،
قولنى لېگەنگە ئۇزارتقاندا تەرەت (قىستاپتۇ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

جانغا تېگىشمىگەن گۆھەرنى نانغا تېگىشەلمەپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

جاپا ئالدىدا كېلەر،

راھەت كەينىدە كېلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق،
كۆرەش قىلماي سائادەت يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

جەننەتكە كۆسەي تاقاشماس،
دوزاخقا سەللە (ياراشماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چالمىدەك تاشلانغان ئالمىدەك ئەزىز بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دەرد كېلىدۇ كەم غىزالىقتىن،
بەخت كېلىدۇ رازى رىزالىقتىن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دوتەي بولمىسا، پوتەي بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



دۆ غېرىپنى ئۇرۇپتۇ،
ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى (ئۇرۇپتۇ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

رەختىڭگە ئىشەنگۈچە، بەختىڭگە ئىشەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com

سەككىز كۆنلۈك ئۆمۈرنىڭ توققۇز كۆنلۈك ئىشى بار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قولى گال كاسىپتىن، پۇتى ئىتتىك دىۋانە ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قىمارۋازنىڭ ئالچىسى تولا،
پوستەكچىنىڭ خالتىسى تولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

گۆلۈڭ كۆندە ئىچىلماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مۈشۈك كىمنىڭ گۆشىنى يېيىشىنى بىلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ناننىڭ قەدرىنى خامانچى بىلەر،
سۇنىڭ قەدرىنى كارىزچى (بىلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھۇرۇنغا ئىش يوق،
ئىشچانغا قىش (يوق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆيگە ئوغرى كىرسە، ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيقۇسى ئۇزۇننىڭ بەختى قىسقا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

**مەجمۇئە ئىسمى :** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :** بەخت ۋە ئامەت ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۇل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مم 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—434—3
**باھاسى :** 12.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )